


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# دُنیا

# دۇنيا

ئاپتورى : رەيھانگۈل ئىبراھىم .

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


دۇنيا ھەققىدە سۆھبەت.................................................1

جەمئىيەت.......................................................30

«گۆش» كە تولغان داستىخان.....................................46

ھۆرمەت ۋە ئۆرپ — ئادەت......................................71

ئىلىم — مەرىپەت.................................................89

ئانا تىلىم — ئانامنىڭ سۆزى.....................................95

ۋەتەنپەرۋەرلىك...................................................103

ئىنسانپەرۋەرلىك.................................................112

پۇل ۋە سەن دىگەن ئۇيۇن ........................................120

يانفۇن ۋىروسى ۋە ناتوغرا ھەۋەس ..................................127

ئاجرىشىش جىيگى ۋە يىتىمنىڭ كۆز يىشى .......................136

ھەشەمەتچىلىككە ۋە يالغانچىلىققا تولغان دۇنيا..............149

ھەممەيلەن تۇپراققا قايتىمىز .........................................151

قىيامەت قايىم بولغان چاغدا .........................................159

ھەققەت ...........................................................171

ئادىللىق.........................................................180

# دۇنيا ھەققدە سۆھبەت

شۇنچە ئوماق ، پاكىز تۇغۇلغان تۇپراق كەبى ،

خۇش كەپسەن دەپ قارشى ئالغان بۇ دۇنيا .

كەتمىسەمكەن دەيمەن نامراتلارچە يىقىلىپ ،

خىجالەتمەن مەينەت كەتسەم ئۇ دۇنياغا .

كەلگەنىتىم بوۋاق ۋاقتىمدا بۇ دۇنياغا ،

تاپشۇرغان ئىدىم ئۆزۈمنى ئۇلۇغ ئاللاھقا .

كەتسەممۇ ئەجىلىم بىلەن ئۇ دۇنياغا ،

رەھمەتلىرىم كۆپ شۈكۈرلىرىمدىن ئۇلۇغ ئاللاھقا .

18 مىڭ ئالەم 18مىڭ دۇنيا ،

مۇھەممەد نۇرىنى چاچتى قۇياشتەك گويا .

سەن ياشىغان بۇ دۇنيا دىسەڭ تار ،

بىلسەڭ قۇلۇڭدىكى بۇ كىتاپ ھەققى بىر دۇنيا .

ئەھلى كىتاپ قۇرئان كەرىم ئۆزى بىر دۇنيا ،
ئىلىمغا تەشنا ئاشىقلار ئۇنىڭغا تەشنا .
قىلىدۇ زار كۆلكىگە ھەر ۋاقىت بەخىش ئېتىپ ،
سەن كۆز-ياش تۆككۈزگەن تۇپرىقىڭ ئۆزى بىر دۇنيا.

ئالەمچە خوشال بولۇپ كەتمە ئەي ئىنسان ،
بىر كۈن كىتەرسەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ .
كۆمۈلگەندە تۇپرىقىڭغا سەن ئۆزۈڭ ئەي ئىنسان ،
قەدرىنى قىل تۇپرىقىڭنى ئەۋزەل بىلىپ .

دۇنيانى مەينەت دىمە ئەي ئىنسان ،
مەينەت قىلغان يەنىلا سەن ئۆزۈڭ .
دۇنيارىڭ شۇنچىلىك پاكىزكىن-پاكىز ،
ئۆزۈڭنىڭ مەينىتىنى دۇنياغا چاپلىما ھەرگىز .

بارچە مەينەتچىلىكنى ئۆزۈڭ قىلىپ قۇيۇپ ،

دۇنيانى ھەرگىز مەينەت دېمە .

دۇنيارىڭ تۇپراقتىن ۋە ياكى گىياھتىن ،

بەرپا بولغان تاغ-دەريا سۇ ئېقىنلارنى .

ئەي ئىنسان بىلگىنكى سەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتىڭ .سەن ئىمان بىلەن ناھايىتى پاكىز بولۇپ بۇ دۇنياغا ئاچتىڭ . دۇنيا سىنىڭ كەلگىنىڭدىن ناھايىتى خوش بولدى . ھەتتا زېمىندىكى تاش ، دەل —دەرەخلەر ، گۈل —گىياھ ۋە بارلىق جانۇ —جانلىقلارمۇ سىنىڭ كەلگىنىڭدىن  خوش بولدى . سەن بۇ دۇنياغا مېھمان بولدۇڭ . دۇنيا سىنى كۈتتى ۋە سىنى قوينىغا ئالدى . بوۋاق ۋاقتىلىرىڭدا سەن نېملا قىلساڭ دۇنيا سەندىن رەنجىمىدى . مەيلى ياشاۋاتقان تۇپرىقىڭغا قالايمىقان تۈكۈرگىن تاھارەت قىلغىن ياكى مەينەت نەرسىلەرنى تاشلىغىن تۇپرىقىڭ سەندىن ھەرگىز رەنجىمىدى .

دۇنيا شۇنچىلىك سەۋىرچان، ئەپۇچان، تاقەتلىك، ئىرادىلىك ۋە غەيرەتلىكتۇر . سەن كولىغانىغا كۆمۈرلۈپ كەتمەيدۇ ، بەلكىم

سىنىڭ دەپسەندە قىلغىنىڭغا ئىچلىرى ئۇگۇلۇپ كىتىشى مۇمكىن .

ئەي ئىنسان بىلگىنكى ياشىغان تۇپرىقىڭنى قەدىرلە ، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل ، ئۇنى خۇددى ئۆز ئاتا-ئاناڭنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆر . چۈنكى بىر كۈنلەردە سىنىڭ ھاياتىڭنىڭ نىسىۋىسى تۈگەپ ئەجىلىڭ توشقاندا مۇشۇ دۇنيا سىنى ئۆز قويىنىغا ئالغۇسىدۇر . ئەجىبا سەن بەختىڭنى كۆيدۈرمەكچىمۇ ؟ ۋە ياكى سۇدا ئېقىتماقچىمۇ ؟ سەن نىمىشلا قىلغىن سېنىڭ جەسىدىڭ شۇ تۇپراققا قايتىدۇ .

دۇنيا ھەقىقەتەن پاكىز ، ئۇ ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ۋە مېھرىباندۇر . ئۇ سىنى قويىنىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۈزى بىلەن سىنى كۆتۈرۋاتىدۇ ، سەن دۇنيانىڭ يۈزىگە دەسسەپ تۇرۋاتىسەن . بىراق ئۇ يۈزۈمگە ۋە كۆزۈمگە دەسسىدى ،شۇنداقلا ئېقىپ تۇرۋاتقان شۇ قان-تومۇرلىرىمنى بۇزۇپ چاچتى دىمىدى .

دۇنيالىرىڭ شۇنچە كەڭدۇر سەن بىلسەڭ ،

بىلمىسەڭ شۇنچە تاردۇر سەن تاشلىساڭ .

تاشلاپمۇ بارساڭ سەن قايسى بىر دۆلەتنى ،

يەنىلا دۇنيانىڭ يۈزى ئۈستىدە سەن ئۆزۈڭ .

نەگە بارساڭ پۈتۈڭغا دەسسىلىدىغىنى يەنىلا تۇپراق ،
نەگە بارساڭ باردۇر كۆز ئالدىڭدا يېشىللىق ۋە سېرىق .
ئاشقاندا تاغ — داۋان ۋە ياكى باغلار ،،،
يەنىلا كۆمۈلىدىغىنىڭ تۇپراقتۇر هامان .

ئۆزۈڭچە ئۆزگۈنۈڭ دۆلەت تاللايسەن ،
خۇددى ئۇ دۆلەتنىڭ تۇپرىقى گۆهەر كەبى .
ئۆز دۆلىتىڭ كۆرۈمسىز شۇنچە سەتمۇ ؟ ،
سىنى قارشى ئېلىپ باققان يىرى گۇناهمۇ ؟

تۇغۇلغان ئىدىڭ ئانا تۇپرىقىڭدا ،
بىر تېشىنى كۆرۈپ گۆهەر كەبى .
بىر تامچە سۈيىنى بەرمەيسەن هەر كىمگە ،
ئەۋزەل كۆرۈپ شەربەت كەبى .

سەن دۇنيادىن قانچىلىك كەتسەڭمۇ يىراق ،

دۇنيا سەندىن بولمىغاندۇر يىراق .

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئامانەتتىن خىيانەتكە ،

يۈز ئۆرۈگەن دۇنيادىن كىتەمدۇ پىراق .

شۇنداق ،ھەقىقەتەن دۇنيا ساڭا سەۋرى تاقەتلىك بولدى ۋە سىنى قوينىغا ئالدى ، دۇنيا ئۆزىدىن چىققان شۇ مۆلىرنى شۇ نىممەتلىرىنى سەندىن يوق قىلمىدى ، دۇنيا بىزدىن ئۆچ ئالامدىكىن دەپ قالما ....ئاللاھىم قۇبۇل قىلسا لىكىن كەلكۈن ۋە بوران ياكى دېڭىز ۋە ياكى چاقماق ، ئوت ئىسسىق چىقىدۇ . سەن كۆيۈپ كىتەرسەنكى دۇنيارىڭ يەنىلا ھېچقانداق بولمايدۇ ، كەلگۈلۈك قانداق بۇلىدۇ ، يەنىلا سەن بەندىگە كىلىدۇ .

ئەي ئىنسان دۇنيادا سەن قانچىلىك تۇپراقنى ۋەيران قىلدىڭ ، بۇنى بىلەمسەن . قانچىلىك تۇپرىقنى يوق قىلدىڭ . سەن دۇنيانى قازغاندا دۇنيا قىلچە ئاھ ئۇرمىدى ۋە ۋارقىرمىدى . سەن ئۆز نەفسىڭگە چوغ تارتىپ تۇپراقنى قازدىڭ . سەن ئۆز بايلىقىڭغا چوغ تارتىپ نىفت قازىمەن دىدىڭ ، قازدىڭ ۋە ئۇنى ماشىنىغا گاز قىلدىڭ ، ياغ قىلدىڭ .ئاقىۋەتتە پارغا

ئايلىنىپ نۇرغۇنلىغان تۇپراقلار كەتتى ، سەن قازمەن دىدىڭ ، كۆمۈرنى ئەكەلدىڭ ، تونىنلاپ —تونىنلاپ ھەددى ھىساپسىز كۆمۈرنى كۆيدۈردۈڭ . بۇمۇ دۇنيانىڭ تۇپرىقى ئەمەسمۇ ؟ ئويلاپ باق ! . بىر يىلنىڭ ئىچىدە نەچچە مىليارد توننا كۆمۈرلەر قازانىنىڭ ئاستىدا كۆيۈپ تۈگەيدۇ .

نەچچە تىرلىيونغا يېقىن نىفىت ، گازلار ماشىنىنىڭ كەينىدىن تۈتۈن بۇلۇپ چىقىپ كىتىدۇ .شۇمۇ دۇنيانىڭ تۇپرىقى ئەمەسمۇ؟ شۇ كۆمۈر ، ماي ،بېنزىنلەر دۇنيانىڭ نىممەتلىرى ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر بۇنداق كولىغىلى تۇرسا ئاقىۋەت قانداق بولار؟ ئەگەر بۇلارنىڭ ھىچ قايىسىسى بولمىغاندىچۇ ؟ ئۇ چاغدا كىسەللىك ،ئاچارچىلىق ،ئىشسىزلىق ، نامراتچىلىق باشلىنىدۇ . ئىسسىقلىق ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كىتىدۇ .دۇنيانىڭ يىلىكلىرىنى سەن شوراپ بولساڭ دۇنيا قانداقمۇ تەڭپۇڭ تۇرالايدۇ ؟ ئەگەر شۇ يىلىكلىرىنى ئېلىۋەتسەڭ ، كولاپ يەپ بولساڭ بىر يەر تەۋرەپ قالسا دۇنيارىڭ پارچىلانماسمۇ ؟ ئەلۋەتتە پارچىلىنىدۇ . سەن بىر دۆۋە توپا يىغقىن ، ئۇنىڭ ئىچىگە كۆمۈر، بېنزىن ، نىفىت ، ئازراق قۇم ، تاش ، شېخىلنىمۇ سالغىن . ئۇنىڭدىن تاشنى ئېلىۋەت ،كۆمۈرنىمۇ ئېلىۋەت ، ئەڭ ئاخىردا سىنىڭ ئۇ توپاڭ قۇرۇق قالىدۇ .

دىمەك ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەندە شامالغا بەرداشلىق بىرەلمەي ھالاك بولىدۇ .

سىلەرنىڭ قۇيۇۋاتقان ئىس-تۈتەكلىرىڭلار، مەينەتچىلىكلەر دۇنيانى بۇلغىدى . ھاۋانىڭ ئۆزىنى قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقتۇ . ئۇلار دۇنيادا پۇل تېپىش ، ھايات كەچۈرۈش تەسلىشىپ كەتتى ، ھەرخىل كېسەللىكلەر كۆپىيىپ كەتتى دەيدۇ . ئەگەر ئۆز نەفسىڭلارغا چوغ تارتىۋەرسەڭلار ، ئۆز مەنپەئەتىڭلارنى دەپ زېمىننى كولاۋەرسەڭلار ئاقىۋەتتە ئېغىر زىيان تارتقۇچىلار يەنىلا سىلەر بولۇپ قالىسىلەر .

دۇنيانى سۆيىمەن دەيسەن گۈزەللىكىگە ،

مەدھىيە ئوقۇيسەن ھەر ۋاقىت ھەرجايدىن .

دۇنيارىڭنى كولايسەن توختۇ تاتلىغاندەك ،

ھېچ بىر شۈكرى رەھمىتىڭ يوق دۇنيارىڭدىن .

تۇپرىقى ئەۋزەل دەيسەن تۇپرىقىمىنىڭ ،
تۇپرىقىغا يۈز — كۆزۈڭنى يېقىپ كىتسەن .
يېقىشىڭ يۈز قېتىممۇ ياكى ئون قېتىممۇ ئۇنى بىلمىدىم ،
كۈنلەرنىڭ بىرىدە نادانلارچە يۈز ئۆرۈپ كىتسەن .

يۇرتىڭدىن يامانلىدىڭ پۇل تاپماق تەس دەپ ،
ۋەتەندىنمۇ ئايرىلدىڭ پۇل تاپماق تەس دەپ .
ئەي ئىنسان ئاللاھ رىزقىڭنى نەگە بۇيرىغان بولسا ،
پۇل تاپىسەن دۇنيانىڭ بۇرجىكىدە بولساڭمۇ سەن .

ئاللاھىم بۇيرىغاندۇر ساڭا شۇ يەردە نىسىپ ،
سىنىڭ ھەققىڭ باردۇر شۇ يەردە رىزىق .
دۇنيارىڭنى ئەۋزەل كۆرگىن شۈكرى ئېيتىپ ،
رەببىمگە مىڭلارچە ھەم رەھمەت ئېيتىپ .

دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇشنى سىز جەمئىيەتتىن ياكى دۆلەتتىن ئەمەس ئەڭ ئاۋال ئائىلىڭىزدىن باشلاڭ . چۈنكى ئائىلىدىن جەمئىيەت، جەمئىيەتتىن دۇنيا شەكىللىنىدۇ . بۇ دۇنيانى كۆرۈمسىز ۋە مەينەت قىلىدىغان ئىش سىرتتىن ئەمەس ئائىلىڭىزدىن باشلىنىدۇ . سىز بىر ئائىلىدە ياشاۋاتىسىز . بىر بالىڭىز قالايمىقان يۈگۈرۈپ چىملارنى ، ئوتياشلارنى دەسسەپ ۋەيران قىلسا يەنە بىر بالىڭىز قالايمىقان تۈكۈرۈپ تۇپراقنى ۋەيران قىلىدۇ ، تىللايدۇ ۋە ئەجەپمۇ تويدۇم بۇ ئىتنىڭ يېرىدىن ، ئىسسىق ۋە دىمىق ، توپىنىڭ جىقلىقچۇ تېخى ...ئەجەپمۇ سەسكەندىم بۇ يۇرتتىن دەپ ...............!

يەنە بىر قىز تار ئىشتانلارنى كىيىۋېلىپ دەيدىكەن : ئاران كىيگەن ئىشتىنىمنى پاسكىنا قىلىۋەتتى بۇ مەينەت توپا دەپ... ئەمما ئۇ بۇ بىر زەررىچىلىك توپىنىڭ ئۆزىدىن نەچچە مىليون ھەسسە پاكىز ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلىپ يېتەلمەيدۇ . يەنە بىر ھاراقكەشمۇ ھارىقى پەسكە چۈشۈپ كەتسە توپا ھارىقىمنى مەينەت قىلىۋەتتى دەيدۇ . ئەمىلىيەتتە شۇ نىجىس نەرسىنى ئىچىۋالغان ئۆزىنىڭ قانچە مەينەت ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئويلاپمۇ باقمايدۇ .

دۇنيا ھېلىھەم سەبىر قىلىۋاتىدۇ . شۇنداق تار كىيىملەرنى كىيگەن ، شەرمى — ھايانى ئۇنتۇغان قىزلارنى كۆرسە دۇنيا رەنجىيدۇ ، خاپا بولىدۇ . سىنىڭ ھاراق ئىچكەن ، ناشايان ، گۇناھ ئىشلارغا پېتىپ كەتكىنىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ دۇنيا ھېلىھەم كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا سەن بولغان بولساڭ كۆتۈرەمتىڭ ؟ ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ ، كەيىپ سۈرۈپ، ھارام زىنا قىلغانلىرىغا چىداپ تۇرالامتىڭ ؟ ھېلىمۇ دۇنيا كۆتەردى . سەن تەرەت قىلدىڭ ، تۈكۈردۈڭ ۋە نۇرغۇنلىغان ناھەق قان تۆكۈشلەر بولدى لىكىن دۇنيا قۇسۇپ چىقىرىۋەتكىنى يوق . ھەممىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتىدۇ . دۇنيا ھەر كۈنى ئاللاھقا ناله قىلىپ : ئەي رەببىم مەن سەبىر قىلالمىدىم ، چىدىيالمىدىم دەيدۇ . ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋابەن بەلگىلەنگەن ئاشۇ كۈنگىچە سەبىر قىلغىن دەيدۇ . بىچارە زىمىن رەببىنىڭ بۇيرىقىغا بىنائەن يەنە قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . سەبىر قىلىدۇ ھەم قىلىۋاتىدۇ . ئەمما ئۇ قاچانغىچە سەبىر قىلار ؟!!! مەلۇم بىر كۈنى سەۋرى — تاقىتى تۈشۈپ قىيامەت بولسا قانچىلىغان بەندە رەسۋا بولۇپ كىتىدۇ بۇنى پەقەت رەببىم ئۆزى بىلىدۇ . ئاللاھىم ھەر — بىر بەندىسىنى ھەق يولغا ھىدايەت قىلسۇن ۋە تۇپرىقىنى ئاسرايدىغان قىلسۇن .ئامىن...............!!!

سەن كېتەرسەن بىزلەر قالارمىز ،
خوشالىلىققا تولغان بۇ دۇنيا .
خار قىلدىڭمۇ زار قىلدىڭمۇ ئۆز — ئۆزۈڭگە ،
پۇل — مالغا ئىشەنچە قىلىپ بۇ دۇنيا .

پۇل — مېلىڭغا باش ئەگمەيتۇ ئەجەپمۇ ئۇ دۇنيا ،
بايلىقلىرىڭ قېلىپ قاپتۇغۇ ئەجەپ بۇ دۇنيادا .
قايسى بىر ئۆيلىرىڭنى قومۇرۇپ ئەكىتەلىدىڭ ئۆي سېلىپ ،
ۋە ياكى ياغاچ كۆتۈرۈپ بۇ دۇنيادا .

بۇ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلار بولۇپ كەتتى . قىز — ئوغۇلنىڭ پەرقى بولماس بولۇپ كەتتى . شەرمى — هايا ، ئۆرپ — ئادەت ، ئىمان — ئېتىقاد ، باشقىلارغا بولغان هۆرمەت ، ئىززەت ، ئابروي- ئىناۋەت ۋە ئۇلارغا بولغان سىلىق سۆز ئەسلا تېپىلماس بولۇپ كەتتى . قايسىدۇر بىر زامانلاردىكى چوڭلارنى كۆرسە هۆرمەتلەيدىغان ، ئىززەت — ئىكرام بىلەن بېشىنى ئىگىپ تۇرۇپ سالام بېرىدىغان پەرزەنتلەرمۇ يوق بۇلۇپ كەتتى .

نۇرغۇنلىغان باللار ئاق چىكىپ ، كەيىپ-ساپا قىلىپ ،نەشە چىكىپ ، قاپاق چىكىپ ، هاراق ئىچىپ بوشىشىپ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەيدىغان ، ئىش خوشياقمايدىغان بولۇپ هۇرۇنلىشىپ كەتتى . ئۇلارغا پۇل بولسىلا ئۇيۇننىڭ غېمىدە . مەسچىتتىن يىراقتا ،جامائەتتىن نېرىدا ،تۇپراقتىن تېخى يىراقتا ، قېرىنداشلىرىغا گەپ — سۆز قىلمايدىغان شۇنداق ئۇنىسىز هالەتتە بولۇپ قالدى . ئىلگىرىكى هۆرمەت ، ئىززەت — ئىكراملار نەدە قالدى ؟ چوڭلارنى، ئاتا — ئانىسىنى كۆرسىمۇ ئىچۋېرىدىغان ، چىكۋېرىدىغان هەتتاكى هىچ بىر هايا قىلماستىن ئاتا — بالا ئۇلپەت بولۇپ ، سورۇن تۈزەپ ئىچىشىدىغان هالەت شەكىللەندى . مانا بۇ چۈشكۈنلىشۋاتقان ئەخلاق ، يۈز بېرىۋاتقان مەينەتچىلىكلەرگە هەي................! ئاللاهىم بىزلەرگە ئۇنداق كۈننى كۆرسەتمىسۇن !!!

مەن بۇ دۇنيادا جىن كۆرسەممۇ مەيلىتى بىراق ئاشۇ مەينەتچىلىكلەرنى كۆرمىسەمكەن ، ئاڭلىمىسامكەن دەيمەن . بىراق نىمە ئىلاج ؟! يارالدىم ...شۇ مەينەتچىلىكلەر ئىچىدىن هەقنى ئىزدەپ ياشىماي ئامالىم يوق . هەي ئاللا ...ئۆزۈڭ ياردەم بەرگىن .!!!

بىرى تۇرۇپ جىن دىگەن ئۇنداق سەتمىش ، بۇنداق سەتمىش دەپ كىتىدۇ يۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى شۇ تۇرقىنىڭ قانچىلىك سەت ، مەينەت ، قەلبىنىڭ قانچىلىك قارىداپ كەتكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ . قىزلار بولسا ئوغۇللاردىن پەرقى يوق تار ، نىپىز كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ يېرىم يالىڭاچ ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە يۈرىدۇ . ئەجىبا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۆگەتتۇقمۇ ؟

ياكى ئاتا-ئانىللىرىمۇ ؟ ئەيىپ زادى كىمدە ؟ ئاق چىكىشلىرىچۇ ؟

تاماكا چىكىشلىرىچۇ؟ ھاراق ئىچىشلىرىچۇ؟ ھەي بۇنىڭغا ئىنسانىنىڭ قەتئىي ئەقلى يەتمەيدۇ . نۇرغۇن كوچىغا چىقىپ كەتكەن سەرگەردان قىزلار ، بىر-بىرنى مەينەت قىلىشۋاتقان قىز-ئوغۇللار ، بىر-بىرنى زەئىپ قىلىشۋاتقان شۇ ياشلار ،دۇنيا ھېلىھەممۇ كۆتۈرىدۇ .بىراق ئاخىرىدا ئۆزۈڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرەلمەي قالىسىلەر . يەردىن قوپالمايدىغان بولۇپ قالىسىلەر ، بىراق دۇنيا مەرد-مەردانە ھالدا ئۆز پېتى تۇرىۋېرىدۇ . شۇ تۇپىرىقىغا چۈشكەن ۋاقىتتا تۇپراق سىقىپ چىقىرىدۇ ،ئەينى ۋاقىتتا بىلمىگەنمۇ ؟ مىنى قەدىرلىگەنمۇ ؟ ئۆز-ئۆزىنى پاكىز تۇتمىغان ئىنسانىنى مەنمۇ ئۆز قوينۇمغا ئالمايمەن دەپ سىقىپ چىقىرىشتىن ئاللاھىم ساقلىسۇن .

قىلدىڭ نۇرغۇن مەينەتچىلىك ،

چىكىپسەن ئاقتىن ۋە قاپاقتىن .

شۇنچىلىك نامەرتلىك قىلدىڭ سەن ،

كوچىغا چىقىپ نۇرغۇن مەينەتچىلىك .

كۆتەردى جاھان يەنە سىنى ،

تۇپرىقى شۇنچىلىك پاكىزدۇر يەنە .

تۇپراقنى مەينەت دەيسەن سەن ئۆزۈڭ ،

ئويلاپ باق تۇپراق سەندىن مىڭ پاكىز يەنە.

دۇنيا ئىمىدىگەن سەۋرچان ، ئەي ئىنسانلار تاماق يىدىڭلار ، ئاشۇرۇپ قويدۇڭلار ، بۇ تۇپرىقىڭلار بەرگەن ئىممەتلەرنى ئىسراپ قىلدىڭلار . ئەخلەتخانىغا ئەچىقىپ تۆكتۈڭلار ، تاماقتا، ئىچىملىككە كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئارلاشتۇرۇپ تۆكتۈڭلار . دۇنيانى مەينەت قىلىۋاتقان زادى كىمكەن ؟ ئەجىبا تۇپراق مەينەت قىلىۋەتتىمۇ سىلەرنى ، بەلكى سىلەر تۇپراقنى مەينەت قىلىۋەتتىڭلار ، ئۆزۈڭلار نەفسىڭلارنى باسالماي

تىپىرلاپ كەتتىڭلار . قىلىدىغانىڭ ھەممىنى قىلىۋاتىسلەر . دۇنيا تارىيىپ كەتتى دەيدۇ . ئاخىردا ئىنسان دۇنياغا سىغماسمۇ بولۇپ قالىدۇ . ھەممىنى ئۆزىمىز قىلىمىزيۇ ئىتراپ قىلمايمىز . دۇنيا ھەقىقەتەن گۈزەل . ھەقىقەتەن نىممەتكە تولغاندۇر . ئەي ئىنسان قەدرىنى بىلگىن .......

سەن كۆرگەن دۇنيا ئۈنچىلىكمۇ تار ئەمەس ، سەن مېڭىپ بولالمىغان ، سەن قەدەملىرىڭنى تاشلاپ بولالمىغان دۇنيادۇر . دۇنيا ساڭا باقىۋەندە ئەمەس. دۇنيا ساڭا ساقلاپ تۇرمايدۇ . ۋە سىنىڭ ئىشلىرىڭغا ياكى سەن قىلىۋاتقان ئىللەتلەرگە كۆلمەيدۇ .ياكى يىغلاپمۇ قويمايدۇ . بەلكى جىمجىتلىق ۋە ئۆزىنىڭ سەۋرى تاقىتى بىلەن پەقەت سۈكۈتلا قىلىدۇ خالاس . مانا نۇرغۇنلىغان ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ . ئەڭ قىسقىسى ئۆزۈڭنىڭ ئائىلىسىدىن باشلىغىن . ئائىلىدە قىزلىرىم ئانداق يۈردى مانداق يۈردى دەيسەن . باشقىلارنىڭ قىزى ئانداق بولۇپ كەتتى ئاۋۇنىڭ قىزى مۇنداق بولۇپ كەتتى دەيسەن . ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭ قىزىڭغا تار كىيىملەرنى كەيدۇرسەن . ياكى يېرىم يالىڭاچ يۈرسە گەپ قىلمايسەن ، كىچىكىدىنلا شۇنداق ئۈچۈق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ تەربىيلەيسەن ، ئاندىن شۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ

كۆنۈپ قالغان قىزلىرىڭنى تەربىيە بىرىپ ئۆزگەرتىشكە ئاجىز كىلىپ قالىسەن .

ئىلگىرى ئوغۇللار كەڭرى ئىشتانلارنى كىيىپ مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن يۈرەتتى . ھازىر بولسا قىزلاردىن ئۆتە ئوغۇللار تار كىيىندىغان بۇلۇۋالدى . ئاياللىرىغا قارىساڭ خام كېسەكتەك، يوغان پۇتلىرىغا قارىساڭ خام كېسەككە بىر تال چىۋىقنى سانجىپ قويغاندەكلا تار ئىشتانلارنى كىيىشىپ يۈرۈشىدۇ . بۇنىڭغا ئاتا-ئانا بولغۇچى سۆز قىلمىسا ئەجەبا باللار سۆز قىلامدۇ ؟ ئەلۋەتتە قىلمايدۇ دە ....! ھەي يەنە دۇنيادىن رەنجىيدۇ . بۇ دۇنيا شۇنداق بۇلۇپ كەتتى ، زامانغا خاس بۇلۇپ كەتتى دىيىشىدۇ . بىراق دۇنيا ھىچقانداق ئۆزگەرگىنى يوق بەلكى بەندە ئۆزى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ . ئىنسان ئۆزى بارنى يوق ، يوقنى بار قىلىۋالىدۇ . بىراق ئەھلى كىتاپ يەنىلا بار بولۇپ ئۇنى يوقىتىۋەتكىلى بولماس ۋە ئۆزگەرتىپمۇ بولالماس . ھەر ئىش ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كەلگۈسىدۇر .

قايسىدۇر بىر زامانلاردا پەرزەنتلەر توي قىلىش ئۈچۈن ئاتا — ئانىلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى ، خىجالەتتە سۆز قىلالمايتتى ، ئاتا-ئانىلىرى تۇيۇڭنى قىلىپ قويايمۇ دىسە خىجالەتچىلىكتە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ پەس ئاۋازدا « ھە » دىيىشەتتى . ھازىر ئۇياقتا

تۇرسۇن ئالدىراپ ئاتا-ئانىسىنى قايرىپ قويۇپ توي قىلىۋالدىغان ، قىز — يىگىتلەر پەدىشەپ يوق يۇرىشىدىغان بۇلۇپ كىتىشتى . بالدۇر كەلگەن مىھمان بالدۇر كىتىدۇ خالاس...!

شۇنداق پەدىشەپ ئەسلىدىلا ئۆي-ئۆيلەردىمۇ قالمىدى . بۇرۇنقى زامانلاردا ياشلار ئۇنچىۋالا قاۋاقا بىرىلمەيدىغان ، بىرىلسىمۇ ئىچىدە بىلىشەتتى . ھازىر بولسا ئوچۇق-ئاشكارا سىرتلاردا بولىۋاتىدۇ . ئاخسا ، مەغرۇر قەدەملىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ماڭىدۇ ئاندىن مەس بولۇپ يوللاردا ، چىملىقلاردا يىتىپ قالىدۇ . ئۇ قىلغانلىرى ئۇلارنىڭ ئوغۇل بالىدارچىلىقىمۇ ياكى ئەركەكلىكىمۇ ۋە ياكى مەيدەمنىڭ تۆكى بار دىگەنلىكمۇ ؟ ئۇنداق تۆك بىر ئورانگوتاندىمۇ بار ۋە باشقا ھايۋانلاردىمۇ بار . بىراق ئۇلار ھاراق ئىچمەيدۇ ، ھارام ئىشلارنى قىلمايدۇ . ئەگەر ئۇقۇشماي بىر ھاراق تۆگنى تۇتۇپ قالغان بولسا ، پۇراپ قالغان بولسا ياكى بىرەر تامچە تېتىپ قالغان بولسا ئۇنى شۇ ھامان چۆرىۋىتىدۇ . ئىنسان ئۇ ئىشلارنىڭ قەتئىي مەينەتلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ . ئىچىدۇ ، چىكىدۇ . دۇنيا ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرۋاتىدۇ .

بوپتۇ ئەي ئىنسان ئاللاھ بىر كۈنلەردە كۆڭلۈڭگە ھىدايەت بېرەر، ئىنساپ بېرەر . بىراق ئويلاپ باققىن ، رامىزان كۈنلىرىمۇ خۇمارىم تۇتتى دەپ ئىچىۋالىدىغانلار ، ھېيتنىڭ بىر-ئىككىنچى كۈنلىرىمۇ مەست يۈرۈيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس . مەلۇم بىر يىلى ھېيتنىڭ 1- كۈنى مەسچىتنىڭ ئالدىغا چىقتىم . مەسچىت ئالدىدا بىر توپ ياشلارنىڭ ئىچىشىپ ، مەست بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىرىنى ھەم كۆردۈم . ھەي ئاللا ....ئاللاھىم ئۇلارغا ئىنساپ بەرسۇن .

مانا ھېيتنىڭ 1-2- كۈنلىرى ئاتا-ئانىسىنى ، چوڭلارنى ، ئۇستازلىرىنى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلايدىغان ۋە ھارپا كۈنى قەبرە يوقلايدىغان بۇ ئۆرۈپ-ئادەتلەر نەگە كەتتى .ھازىر ھېيتنىڭ 1- كۈنى بولسا ھېيتلىق پۇلنى ئالغان ھامان ئاۋۇ قىز دوستۇم ، ماۋۇ ئوغۇل دوستۇم ، قەدىرلىكىم ، ياخشى كۆرىدىغىنىم دېيىشىپ نەلەرگىدۇر ئالدىراش يۈرۈپ كىتىشىدۇ . شۇ ھېيت كۈننى ناخشا ئېيتىش ئۇرۇنلىرىدا ، ئاللىقانداق كۇلۇپلاردا، قاۋاقلاردا ئۆزىنى يوقۇتۇپ ساراڭلارچە ئۆتكۈزۈشىدۇ. مانا بۇ سەتچىلىكلەرنى ئىنسان قىلمىسا دۇنيا قىلامدۇ ؟ ! ياق ، ئەلۋەتتە ئىنسان ئۆزى قىلىدۇ . ئەلۋەتتە بىر ئەقىل ئىگىسى بولغانىكىن ، ئەي ئاللاھ ئۇلۇغ رامىزاننى بەردىڭ

شۇ بەرگىنىڭگە شۈكرى دىيەلمىدىڭمۇ؟ ھىچ بولمىسا ھەپتە ساقلىيالمىدىڭمۇ ؟ ھېيت ئۆتكەندىن كىيىنمۇ شۇ كۈنۈڭ بار ئىدىغۇ؟ شۇنچە كەلگەن ياخشى ھېيت ئايەم كۈنلىرىڭ پەقەت بىر رومكا ھاراق بىلەن يوق بولدىمۇ ؟ رەببىم دۇنيانى شۇنچە گۈزەل، رەڭلىك قىلىپ بەردى ، لىكىن سەن ئۆزەڭنىڭ ئەرزىمەس رەڭلىك سۇرۇنلىرى بىلەن ئالدىراش بولدۇڭ . ئاقىۋەتتە ئىنسان ئۇ دۇنياغا بارغاندا رەڭسىز قاپقارا پېتى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىشتىن قەتئىي قورقمىدى . ۋە ئەسلا ئويلاپ قويمىدى . ئەي!!!!!! ياشلار ئويلىنىڭلار ۋە ئويغىنىڭلار ، كەيىپ-ساپا ھۆرمەتسىزلىك ، ئىتائەتسىزلىك بىر كۈنلەردە سىلەرنى خاراپ قىلىدۇ ۋە زار قىلىدۇ . بەزىلەر ھېيتنىڭ 1-2-كۈنلىرى ئاتا-ئانىللىرىنى ، دوسلىرىنى يوقلاپ كېلىدۇ . ھارپا كۈنى قەبرە يوقلاپ ،2-3- كۈنلىرى باللىرى بىلەن چىرايلىق ھېيتلىشىپ ئۆزىتىدۇ . بۇلاردىن رەببىمۇ رازى بۇلىدۇ .

ھەي ئاللاھ دۇنيا شۇنچىلىك ئۆزگۈرۈپ كەتتىمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟ ئەلۋەتتە ئىنسان . دۇنيا مىدىر-سىدىر قىلمايدۇ ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ قۇرۇيدۇ ۋە يەنە ئۆسىدۇ . بىراق سىنىڭ بەزىبىر مەھسۇلاتلىرىڭ كىيىن پەيدا بولمايدۇ . كۆمۈر ، نىفىتلەرنى ئاللاھ سىنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭ ئۈچۈن يارىتىپ

بەردى . سەن ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن شۇ كۆمۈرلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆزۈڭنىڭ ھارام يوللىرىغا ئىشلەتسەڭ ، ھاراق ئىچمەن دەپ تاماق ئەتسەڭ شۇ تاماقلىرىڭ ھارامدۇر . نىمشقا ھارام دەمسەن ؟! چۈنكى سەن ھاراقلارنى كۆپ ئىچكەندە يىگەن تاماقلىرىڭنى قۇسۇپ چىقىرىسەن . تاماقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايسەن ، ھالالنى ھارام بىلەن ئارلاشتۇرۇپ ئۆزۈڭگە ئۆزەڭ ھارامنى سىڭدۈرىسەن . بىراق بۇ ھارىقىڭنى تۇپراقمۇ سىڭدۈرمەيدۇ . ئۇ سىڭگەندەك قىلسىمۇ تۇپراق رەببىمگە يىغلايدۇ . رەببىم يەنىلا ئي زىمىن سەبىر قىلغىن دەيدۇ . زىمىن يەنىلا ئۈن-تۈنسىز سەبىر قىلىپ بۇ ئىنسانلارغا ھىدايەت تىلەپ پاك كىتىشنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ . ۋە يەنە بەزى كىشىلەر باركى بىر ياخشى ئائىلىسى ، بالىلىرى تۇرسا سىرتتىكى قىز-چوكانلارغا كۆز تاشلايدۇ . ئايالىغا بەرمىگەن شۇ پۇللارنى سىرتتىكى بەزى ناچار قىز ئوغۇللارغا خەجلەپ يوق قىلىدۇ .

ئەي ئىنسان شۇ پۇللىرىڭنى كۈيۈمچان ئايالىڭغا ۋە بالىلىرىڭغا ھەدىيە قىلغان بولساڭ ۋە ئاتا-ئاناڭغا بەرگەن بولساڭ رەببىم سەندىن شۇنچە رازى بولغان بولاتتى . بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن تەڭشەلمىگەن دەيسەن لىكىن دۇنيا ئەزەلدىنلا تەڭشەكلىكتۇر . بىراق سەن ئۆزەڭ ئادىللىق بىلەن تەڭشىمەيسەن . سىنىڭ ئۆز

ئائىلەڭگە ھۆرمىتىڭ ، كۆيۈنۈشۈڭ ۋە مېھرىبانلىقىڭ بولمىسا ئىشلىرىڭمۇ ئىلگىرى سۈرمەس . سىنىڭ كۆنلىرىڭ شۇ يا دىۋاندەك ئەمەس ياكى بايدەك ئەمەس يۈرۈيسەن .

دۇنياغا كەلدىڭ ئەزىز بۇلۇپ مېھمان بۇلۇپ ،

قايسى-قايسى سۈرۈنلاردا ھاراق قۇيۇپ .

سەن ئۆزۈڭگە ھېچ بىر ئىشەنچ ئىتائەت قىلمىدىڭ ،

ئاتا-ئاناڭغا بىر كۈنلەردە قالىسەن زار بۇلۇپ .

نەدە يۈردۈڭ سەن ئۆزۈڭ ،

كەيىپ ساپاغا مەستانە بۇلۇپ .

كوچا-كويلاردا ھاراق ئىچىپ خار بۇلۇپ ،

يىقىلىپ ياتتىڭ توپىلاردا كىيىملەرگە مەينەت يۇقتۇرۇپ.

كىيىۋالدىڭ تار ئىشتاننى ئوغۇل بالىمۇ سەن ؟

قۇيۇپ ئۆزۈڭ چاچنى ئۇزۇن ئۆرۈۋالدىڭ ئەيمەنمەيسەن .

سۈننەت دەيسەن چاچنى ئۇزۇن قويسەن ،

چاچلىرىڭ باشقۇرغۇسىز جىندەك ياشايسەن .

تار ئىشتاننى كىيۋېلىپ ساڭا شۇنچە راھەت بولدىمۇ ؟

تار ئىشتاندا ساڭا بىر مەدىنىيەت يۇقتىمۇ ؟

تار ئىشتان بىلەن سىنىڭ بۇيۇڭ ئۆسۈپ يەتتىمۇ ؟

تار ئىشتاندىن رازى بۇلۇپ ئەمەللىرىڭ ئۆستىمۇ ؟

نىمە جاپا شۇ ئىشتاننى كەيگۈچە ،

تىرىكىپ سارا بولىسەن شۇ ئىشتاننى سالغۇچە .

ماڭغان چاغدا تەرگە تۇشۇپ بەدەنلىرىڭ ،

تار ئىشتانغا مەستانە سەن بۇ دۇنيادا زار بۇلۇپ .

ھېيت دەيسەن ئالدىرايسەن سەن كۆپراق ،

ئويناپ كىتىسەن كەيىپ قىلىپ ھەممە يەردە دىگۈدەك .

ھالال قىلىپ بەرسە ھېيتنى ساڭا بىر ئوبدان ،

ھارام قىلدىڭ كەيىپ قىلىپ ھەر جايدا .

تۇتۇپ يۇردۇڭ سىرتتا يەنە مۇھەببەت ،

سەن ئىنتىلىپ ياشلىقىقا غايە-ھەۋەستىن .

قالدى ئۆيدە خۇتۇن بالا-چاقىللىرىڭ ،

ئاتا-ئاناڭ سېنى ئۆيدە ساقلاپ تۇرۇپ .

بىلگىن ئىنسان ئايالىڭ ، باللىرىڭ رازى ئەمەس ،

ئۆيدە ئاتا-ئاناڭ ھەم رازى ئەمەس .

ئاللاھمۇ ھەتتاكى ساڭا رازى ئەمەس ،

قىيامەتتە ھەركىم ساڭا ھەم رازى ئەمەس .

قىلما ئەي ئىنسان ئاللاھقا خىيانەت ،

قىلما ئەي ئىنسان مۇھەممەد كە خىيانەت .

قىلما ئەي ئىنسان روزا- رامىزانغا خىيانەت،

قىلمىغىن ھەي ئىنسان خۇتۇن باللىرىڭغا خىيانەت .

ئويلاپ كۆرگىن بۇ مۇبارەك ھېيتىڭدا ،

خىيانەتلىرىڭ كۆپ بولدى ھەر كىمگە .

دۇنيالىقتا بارچە قېرىنداش دوسلۇرۇڭغا ،

ئاقىۋەتتە ئۇ دۇنيادا رەببىمگە .

قانداقمۇ ئۆتەرسەن سۇئال-سوراقتىن ،

سەن قىلغان كەيىپ-ساپا ھاۋايى-ھەۋەستىن.

بۇ دۇنيامۇ گۇۋاھ بۇلدۇ ھەر باسقان قەدەملىرىڭگە ،

شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى ئۇ ئىنسان مۆئمىن ئەمەس دەپ .

سىنىڭ ماڭغان ھەر قەدەملىرىڭ ،

بۇ دۇنيانىڭ يۈزىدە ئىز بۇلۇپ تۇرار .

سىنىڭ ئالغان ھەر بىر نەفەسلىرىڭ ،

رەببىم ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرار .

روزا تۇتۇپ ھەممە قېرىنداش مۆئمىنلەر ،
ئالدىرمايدىغۇ ئۇنچە بالدۇر ئۇيۇنغا .
پەتلەيدۇ ئۆيمۇ-ئۆي دوس-بۇرادەرلەر ،
يوقلۇشۇپ ئاتا-ئانا قېرىنداشلارنى .

روزا تۇتمىغانلار بەك ئالدىرايدۇ ئويناشقا ،
يېقىنلىشىدۇ ھېيتلىق ئالىمەن دەپ .
ئېلىۋېلىپلا بەرگەن ھېيتلىقنى ،
كىتىپ قالىدۇ يەنە ئۇيۇن-تاماشاغا .

ئوينىشى ھالالمۇ-ھاراممۇ بۇنى بىلمىدىم ،
پۇل چېچىشلىرى قالتىس ۋەيران .
ئوينىغان تاماشالىرىدىن مەن ھەيران ،
بىر كۈنى مۇشۇ ئىنسانمۇ بارىدۇ مازار .

ئوينا هەي دوستۇم ئويناۋەر ،

دۇنيا هەر ۋاقىت سىنى كۆتۈرەر .

ۋاقتى كەلسە قيامەتتە دۇنيا ئەرىز قىلسا ،

سەندە بار ۋىجدان قانداق كۆتۈرىدۇ .

# جەمئىيەت

دۇنيادا سىلەر كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.بىراق نۇرغۇنلىغان ناچار ئىشلار يۈشۈرۈلماقتا ، ھازىر نۇرغۇن باللار ئوغۇرلۇنۇپ ، چەت ياقا-يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىلىپ ئۇلارنى ئوغۇرلۇققا ، ئاق سېتىشقا ، چىكىشكە ، يەنە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېتىپ ، كۆزلىرنى قارغۇ قىلىپ ، يۈز كۆزلىرنى تەمرەتكە قىلىپ دىۋانىچىلىككە سالماقتا . ئەنە شۇ بىچارە گۆدەك، سەبى باللار يا ئاللاھنى ، يا ئاتا-ئانىسىنى بىلمەي ياكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي ، ياخشى يامانىنى بىلمەي ، شۇلارنىڭ مەجبۇرلىشى، زۇلۇمى، تىللاشلىرى ، ھاقارەتلەشلىرى بىلەن ئوغرى-يانچۇقچى بولۇپ چىقىدۇ ۋە شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان نادان ئەخمەقلەردىن بولىدۇ. بىچارە ئاتا-ئانىلار شۇ پەرزەنتلەرنى ئىزدەپ ، ساقلاپ ، يۈرەكلىرى پارە-پارە بولۇپ ، ئەس-ھۇشىنى يوقۇتۇپ ، قان-زار يىغلاپ ساقلاپ ئولتۇرىدۇ .

ۋە ھەر يەردىن ، ھەر شەھەردىن ، ھەر يۇرتتىن ، ئىچكىرىدىن ئىزدەيدۇ ، تارقاتمىغان ئېلان تەشۋىقاتلىرى قالمايدۇ . شۇ بىچارە باللارنىڭ مەيدىللىرىگە تاماكىنى يېقىپ ، ئۇرۇپ ئۆزىنى سوغا بېسىپ ، توك كالتەكنى يېقىپ ، پۇت-قوللىرىغا ئۇرۇپ ،

مەجبۇرلاپ يانچۇقچىلىقنى ئۆگۈتىدۇ . قايناۋاتقان قايناق سۇدىن تەڭگە ئالغۇزۇپ بىر-بىرىنىڭ يانچۇقىدىن ئالغۇزۇپ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ .پىلانى ئەمەلگە ئاشمىسا ئۇلارنى ئۇرۇپ بىر كۈنلۈك تاپقان پۇلىنى ئەكىرىپ بەرمىسە ئۇلارغا تاماق بەرمەيدۇ . قېچىپ كەتسە ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلگۈچە ئۇرۇدۇ . بىچارە باللار تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ يىغلاپ كىتىدۇ . ئاتا-ئانىسنى ئويلايدۇ ، نە ئىلاج تەقدىرگە تەن بەرمەي . !!! ھەي ..... ئۇ يىغلىسمۇ نە ئامال ، نە ئىلاج ، ئاللاھنى سىغىنماستىن باشقا ئامال يوق . شۇ رەزىل كىشلەر بۇلارنى قېچىپ كەتمسۇن دەپ ئاق چەككۈزۈدۇ . ھاراق-شاراپ ئىچكۈزىدۇ . يامان يولغا باشلايدۇ . زىنا ھەۋەسكە باشلايدۇ . ئۇلارنى يېنىدىن ئايرىلماس قىلىپ يېنىدىن ئازراقلا ئايرىلىپ بولغۇچە خۇمارى تۇتىدىغان ، چىكىملىكنى بەرگەن ھامان ئەتىنىڭ غېمىنى قىلىپ پۇل ئوغۇرلايدىغان ، كۈندىن-كۈنگە كۆپ ئوغۇرلايدىغان قىلىپ قويىدۇ . ھەتتا بەزى زوراۋانلار باللارنى ئېلىپ ساتىدۇ ۋە باغرى تاشلار باللارنى ئوغۇرلاپ قارنىنى يېرىپ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېلىپ ئاپىرىپ بايلارغا ساتىدۇ . ئاللاھ بۇنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر ، قىيامەتتە ئۇلارغا ئازاپتىن باشقا ھېچقانداق قۇتقازغۇچى يوقتۇر . ئۇلارنى ھېچكىم كەچۈرمەس. ئوغۇرلاپ كەتكەن بىچارە باللارنىڭ كۆزلىرنى قارغۇ قىلىپ ، ئۇلارنى

دۇنيادىن ئايرىيدۇ . دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ دېۋانىچىلىككە سالىدۇ . بىچارە بالىلار دېۋانىچىلىك قىلىپ كۈننى ئاران-ئاران ئېلىپ تاماق يەيدۇ . يىگىنى قايناقسۇغا چىلاپ بەرگەن ناندۇر خالاس...!! ئۇلارغا نە بىر كاۋاپ ۋە ئىسسىق تاماق بېرىلگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئاللاھىم شۇنداق ئۇلۇغكى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭمۇ پۇت قوللىرى كېسىلىپ قايناقسۇغا ئۇلارنى چىلاپ ، دەۋزەخكە مەڭگۈلۈك مۇپتىلا قىلىدۇ . بۇنىڭغا ھەر كىم ئىشىنىدۇ .

ئۇلار ھەرگىز تۆۋبە قىلساقلا تۆۋبىمىز قوبۇل بولارمىكىن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن . شۇ چاغدا ئۇلار مۇشۇ بىچارە بالىلاردىن رازىلىق ئالىدۇ . بىراق بىر ئاتا-ئانا يۈرىكىدىن چىققان بىر پەرزەنتىنىڭ ئوغۇرلاپ زۇلۇم قىلىنغانلىقىغا رازى بولارمۇ ؟ ياق ئۇلار رازى بولمايدۇ . ھەم رازىمۇ بولۇپ بولالمايدۇ . شۇلارنىڭ نارازىلىقى بىلەن ئۇلار قىيامەتتە مەڭگۈ ئازاپقا دۇچار بولىدۇ .

قىزلانى ئوغۇرلاپ بولاپ ئەكىتىپ ئۇ قىزلارنى ئۇسۇل ئوينىتىپ ، يامان ئىشلارغا ، پاھىشخانىلارغا ، ھاراق سورۇنلىرىغا زورلايدۇ ، ئۇرىدۇ ، تىللايدۇ ، ھاقارەتلەيدۇ ، ھايۋانلاردەك پەسلىك نەزىرىدە قارايدۇ . ئامال يوق ئۇ قىزلارغا ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن

مېڭىپ كىتىپ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ ، ئاق چىكىدۇ . كەلگۈسىنىڭ پەرزەنتلىرى مۇشۇنداق بولىۋەرسە يەنە قانچىلىك مېھرىبان ئاتا-ئانىلار قالىدۇ . قانچىلىك ئاتا-ئانىلار زۇلۇمدا قالىدۇ . بۇنى ئالالاھ ئۆزى بىلگۈچىدۇر .

توغرا ، كىشلەر ھازىر ھەقىقەتەن پۇلغا بىرىلىپ كەتتى . بىراق پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى ۋە غۇرۇنى سېتىۋتىشى ئۇ ئەسلا شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ .

ھەي...!!! شۇ ۋىجدانى قېتىپ كەتكەن نا ئىنساپ ئىنسانلار !!! ئەي ..باغرى تاش ئىبلىستىن ئۆتۈپ كەتكەن ياۋۇز مەخلۇق كەبى ياشاۋاتقان ئىنسانلار !!! — سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار يوقمۇ ؟ سىلەرنىڭ بالاڭلارنى ئوغرى ئېلىپ كەتسە ، كۆز ئالدىڭلاردا شۇ دىۋانىچىلىك قىلىۋاتقان ، كۆزلىرى ئۇيۇلغان ، پۇت-قوللىرى كىسىلگەن ، ئوغۇرلۇق قىلىۋاتقان ، مەيدىللىرىگە تاماكا يېقىلىۋاتقان ، پۇتلىرىغا قايناقسۇ تۆكۈلۈپ قىينىلىۋاتقان ، پۇل تاپالماي كىرسە بارماقلىرى كىسىلىپ كەتكەن باللارنى كۆرسەڭلار يۈرۈكۈڭلار ئېچىشمامدۇ ؟ ئەجىبا ئىچىڭلار سىيرىلمامدۇ ؟ كۆز يېشى قىلمامسىلەر ؟ ھەر-قاچان جوھوت كەبى ئىت كەبى ياشايسىلەر ، قاچانغىچە ئادەمدەك

ياشمايسلەر ، ئاللاھ جىنىڭلارنى قانداق ئالدۇ ، جىنىڭلار قانداق چىقىدۇ شۇ چاغدا بىلىپ قالىسلەر ، ئۆلگەندە گۇنايىڭلارنىڭ سورىقىدىن ، يەنە سىلەر قىلىۋاتقان ھاۋايى-ھەۋەس ، پۇلغا ئاشىق بولغان كېسىلىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى سىلەرنى ئۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىغا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ، دەۋزەخنىڭ سىلەرگە مەڭگۈ ھەمراھ بۇلىدىغىنىنى بىلىپ قالىسلەر .

ئەجىبا شۇ باللارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىپ ،ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراشنى بىلەمسىلەر ؟

بىر كۈنى ئاللاھ سىلەرگىمۇ ئىپلاسلىقىڭلارنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ، سىلەردەك نا ئىنساپلارنىڭ قانداقلىقىنى ، سىلەردىن ھەر-ھالدا باشقىلار خېلى ياخشى . ئۆزەڭلارچە پالانچى مىللەتنىڭ تامىقى ئانداق ، مەينەت يىگىلى بولمايدۇ دەيسىلەر ، لىكىن سىلەرنىڭ شۇ قىلىقىڭلاردىن ئۇلارنىڭ ياخشىدۇر . سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان شۇ مۇناپىقلارچە ، جوھوتلارچە قىلغان ھەركىتىڭلاردىن ، دىنسىزلارنىڭ باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان ئىشلىرى ياخشىدۇر .

ئەي ئىنسان !!!! سەن كۆرەڭلەپ كەتمە ، ھامان بىر كۈن سەن قىيامەتتە ، شۇلار بىلەن كۆرۈشسەن . رازىلىق ئالالماستىن

مەگگۇلۇك دەۋزەختە دۇچار بولسەن . سەن پۇلۇم بار ياشۋالدىم دىمە . پۇل دىگەن هامنى تۇگەيدىغان نەرسە . قېنى سەن شۇ پۇلنى تېپىپ نىمشلارنى قىلدىڭ ؟ بىرەر مەسچىت سالدىڭمۇ ؟ ياكى بىرەر كەمبەغەلنى يوقلىدىڭمۇ ھە ؟؟؟!!!!

شۇ پۇللارنى بۇزۇقچىلىق قىلىپ ، ماشىنا ھەيدەپ ، هاۋايى-ھەۋەس بىلەن ئۆز نەفسىڭگە چوغ تارتتىڭغۇ . قىلغان خەيرلىك ئىشلىرىڭ بارمىدى . ئەلۋەتتە يوق ....!!!! ئۇنداق ئىپلاسلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرىڭنى ئاللاھمۇ راۋا كۆرمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلمايدۇ .

ئەي پەرزەنتلەر- ئاتا-ئانىنىڭ گىپىنى ئاڭلاڭلار . يامان يولغا كىرمەڭلار ، ئىچكىردە نۇرغۇنلىغان باللار مانا مۇشۇنداق ئۇۋالچىلىقفا ئۇچۇرماقتا . بۇ پەقەت ئازغىنە بىر قىسىمى خالاس . قانچىلىغان باللار ئۆيگە سولىنىپ زۇلۇمدا ئۆلۈپ كەتتى ، قانچىللىرى تاياق ئاستىدا ئۆلۈپ كەتتى . ئۇلارنى ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر .

بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ شىنجاڭ رايۇنىغا نەزەر سالايلى . ئۇلارنى هىچكىمنىڭ زورلىغىنى يوققۇ ، كەيىپ دەستىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان باللارمۇ يوق ئەمەس ، كۆپ ساننى ئىگەللەيدۇ . ئاق چىكىپ ، نەشە چىكىپ ئاتا-ئانىسنى خار-زار

قىلىشۋاتقان ، ئاتا-ئانىسىنىڭ پۇلىنى ئوغۇرلاپ قېچىشۋاتقان ، قولىقىدىكى ھالقىنى يۇلۇپ ئېلىشۋاتقان ، دادىسىغا ھۆركىرەپ ۋاقىراپ خۇمارى تۇتقاندا سىلكىپ پۇلىنى ئېلىشۋاتقان ، ئۆي خەتلىرىنى ئېلىپ ئۆيىنى سېتىشۋەتكەن ، ھەتتاكى قىمارغا ئۆز پەرزەنتىنى ،ئايالىنى دوغا تىككەن ، نەفسى خاھىشى ئۇچۇن بەختىلىك ئائىلىسىنى تىككەنلەرمۇ يوق ئەمەس ، ئەلۋەتتە بار ........... ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرە-كىرمەي ئايالىنى ئۇرۇۋاتقان . ھاراق ئىچىپ كۆڭلىنى خوش قىلىشۋاتقان شۇ بىچارە ھورۇن ، بەڭگى ، تۇتامى يوق ، ھېچ بىر ئىمان-ئېتقادى يوق . خۇددى ھايۋاندەك تىللىرىنى چىقىرىپ سەتلىشىپ يۈرىيدۇ . لېكىن ساڭا قارىغاندا ھەقىقەتەن ئوڭلۇق ۋە سادىق ، گۆش بەرگەن ۋە سۆڭەك بەرگەننى ئېنىق ئايرىپ بىلگۈچىدۇر .

قىزلار دەيدىكەن ئوغۇللار مىنى بۇزدى دەپ ، ئوغۇللار دەيدىكەن بىزنى بۇزدى دەپ . ئەي ئىنسانلار ئۆز-ئۆزۈڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىساڭ ، ئۆز-ئۆزەڭگە يول قويساڭ ، شەرمى-ھايا بىلەن ياشىساڭ ، ھېچقانداق بىرى بۇزۇلمايدۇ . سەن ئۆز-ئۆزەڭگە دۇئا قىلىپ ، ئاتا-ئاناڭغا دۇئا قىلىپ شۈكۈر بىلەن ياشىساڭ ھېچكىم سىنى بۇزمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئەمەس، ئۆزۈڭنى-ئۆزۈڭ بۇزىۋالسەن ، كاللاڭ ئىشلەپ

كەتمەمدۇ ؟ ياكى دىتىڭنىڭ يوقلىقمۇ بىلمىدۇق ، ئۆزۈڭنى-ئۆزۈڭ بۇزۇپ ، قىز-ئوغۇللار ئۆزلىرىنى كەيىپ-ساپاغا، ھاۋايى-ھەۋەس دۇنياسىغا باشلاپ ، يوقىلاڭ مۇھاببەتلەرگە شىرىن خىياللارنى قىلىپ شۇ ئاخىرى چىقماس ھەۋەسلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ شۇ مۇھاببەت ئىشقىنىڭ دەردىدە كۆز ياش قىلىپ ، بىر ئىنسانغا تىزلىنىپ كۆز-ياشلىرىنى چىقىرىپ يۈرەكلىرىنى داغلىشىپ يۈرىدۇ ۋە قان-زار يىغلاپ ئۇ قىزنى ئالمىسام بولمايدۇ ، تەگمىسەم زادى بولمايدۇ دەپ ، ھاراقلارنى ئىچىپ، نەشە چىكىپ ، ئاق چىكىپ ، قىز-ئوغۇللار بىر-بىرىنى بۇزۇشىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش مۇھاببىتىنى بېغىشلىشىمۇ ؟ ياكى ئەخمەقلەرچە قىلغان ھەۋەسلىرىمۇ ؟ ياكى ئەخمەقلەرچە قىلغان تۇيغۇلىرىمۇ ؟ ھەي .... بىر ھايۋان جېنىدىمۇ ئۇنچىلىك قىلماس ....!!!

قىلىۋاتقان گۇناھىڭلار ئۆزەڭلارغا ئېنىق . ئەي ياشلار !!! دىققەت قىلىڭلاركى بىر كۈنلەردە ئۆلۈپ كىتىمىز بۇ دۇنيا قالىدۇ . ئاخىرەتتە قانداق بولىدۇ . ياكى جەننەت ياكى دەۋزەختە مەڭگۈ ئازاپقا قالىمىز . ھەي پەرزەنتلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، شۇ ئاللاھقا تىزلىنىپ دۇئا قىلىپ ، كۆپ سەجدە قىلىپ رەببىمگە يىغلاڭلار . بەندىگە تىزلىنىپ يىغلىدىڭلار ئۇلار نىمە قىلىپ

بەردى ، سلەرگە ئالتۇن بەرگەن يىرى بارمۇ ؟ ياكى قايتا هاياتلىق بەرگەن يىرى بارمۇ ؟ ئاتا-ئاناڭلارنىڭ پۇت-قوللىرىغا سۆيۈپ يىغلاڭلار ، ئۇلار ئاشىق ئۇتۇڭلارغا ئەرزىيدىغان كىشىلەردۇر . هەي ئىنسان سەن نىكاھىڭغا ئالسەن . ئۇنى هالاللاپ نىكايىڭغا ئالسەن ئەمرىڭگە ئالسەن ، ئۇنىڭ بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتسەن ۋە يول قۇيسەن . توي قىلىشىڭ هەقىقەتەن سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر . بىراق زىيادە هەۋەسكە بېرىلمەڭلار ، بىر-بىرىڭلارنى هۆرمەتلەڭلار . ئىززەت-ئىكرام بىلەن سالاملىشىڭلار ، بىر-بىرىڭلارغا قەست قىلىشماڭلار ، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشماڭلار . ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭلار يامان كۈنگە قالىسلەر . كەيىپىنىڭ دەردىدىن ئىشلەش خوش ياقمايدۇ . 3كۈن ئىشلىسە 4كۈن كەيىپ قىلىپ ، پۇل تۈگگەندە يەنە ئىشلەپ كەيىپ قىلمىسا ئىشلىيەلمەس بولۇپ قالغانلارمۇ يوق ئەمەس ، ئەلۋەتتە بار .  سۈرۈنلاردىن كىلەلمەيۋاتقان كەيىپ ساپادا بىر-بىرسى بىلەن جىدەللىشىپ ، ئۇرۇشۇپ ، پىچاق تىقىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس خېلى باردۇر . ئاق چىكىپ قېتىپ قالغان ، ئاتا-ئانىللرى زەرداپ بولۇپ يىغلاۋاتقان هەي ......

ھەي ئىنسان سەن ئۇنداق ئاق چىكىپ قىيلىنىپ ئۆلگەندىن كۆرە ، ئاتا-ئاناڭنىمۇ قىينىماي ۋە ئۆزۈڭنىمۇ قىينىماي ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئويلىساڭ بولمامدۇ ، نىمە قىلىسەن ئاق چىكىپ ئاتا-ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، قاخشىتىپ ، مىڭلىغان ،تۈمەنلىگەن پۇللىرىنى تۆگىتىپ ، ئاتا-ئاناڭنى ۋەيرانە-ۋەيرانە قىلىپ ئۆزۈڭنىڭ ئاخىرەتلىكىگە تەييارلىق قىلماي ئۆلگۈنىڭنىڭ نىمە پايدىسى ھە ....!!!! ئەگەر ھەقىقەتەن بىر ۋىجدانلىق ئەركەك بولساڭ ، ئاق چەككۈچە كەيىپ قىلىپ ئۆلىۋالغىچە ئاشۇ قىسقىغىنە ھاياتىڭنى قەدىرلىسەڭ بولمىسامىمدى ھە ؟ !!! يوقىلاڭ كەيىپ ساپانىڭ پەيزىنى كۆرىمەن دەپ ،ئاخىرى پەيزىنى قانداق كۆردۈڭ . نەتىجىدە ئۆزۈڭ ئۆلدۈڭ . ئۆلۈپ روھىڭ كۆرۈۋاتقاندۇ ،يىغلاۋاتقان قېرىنداشلىرىڭ ، ئاتا-ئاناڭ ھېلىقى ئۆيلەر يوق، خارابى ئۆيلەر ، بىچارىنىڭ قولىدا بىر پۇڭمۇ يوق ، ئۇنىڭدىن- بۇنىڭدىن پۇل سوراپ ، ئۇن سوراپ ، سىنى يەرلىككە قانداق قويۇۋاتقىنىنى بىلدىڭمۇ ؟ سەن يەنە نەگە باردىڭ ، ئاللاھنىڭ ئۆيى شۇ مەسچىتكە باردىڭ . جامائەت يەنە سىنىڭ نامىزىڭنى چۈشۈردى .

ئەي ...... ئاتا-ئاناڭلارنىڭ گىپىنى ئاڭلىماي ، قانچىلىك پايدا كۆردىڭلار ، ئەي ئوغۇل-قىزلار ئۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى

تاشلاڭلار ، ئۆز-ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار ،ئۆز-ئۆزۈڭلارغا يول قويۇڭلار ،ھۆرمەتلەڭلار ، ئۆز-ئۆۋڭلارنى بۇزماڭلار ، ھەممە ئىش يۇلىدا ، لايىقىدا بولسۇن ، دوست بۇلۇپ ،ئۆز-ئارا قېرىنداش بۇلۇپ ، بىر-بىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار . ياردەم قىلدۇق دەردىم بار دەپ ، ھاراقچا ، يامان يولغا باشلىماڭلار . ياردەم قىلدىم ۋە دەردىم بار دەپ قاۋاقخانىلار باشلىماڭلار . ئۆز-ئارا باغچىلاردا ئايلىنىپ يېشىللىقتىن ھوزۇرلىنىڭ ، ئۆز-ئارا ياخشى پىكردە بۇلۇڭلار ، يوقىلاڭ ئاشقىلىقنىڭ دەردىدە غەيۋەت قىلىپ ، ئۇنىڭ گۆشنى يىمەڭلەر، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن تىللاشماڭلار ، ئاجراشماڭلار .

شۇ ئاتالمىش مۇھەببەتلەر كىملەرگە پايدا ئېلىپ كەلدى ۋە كىملەرگە رەھمىتىنى ئېلىپ كەلدى . ئاتا-ئاناڭلار با ، رەببىم سىلەرنى نۇرغۇنلىغان نىمەتلەر بىلەن ياراتقان ، ئەمدى ياراتقۇچىمىزنى ئۇنتۇپ شۇنداق كەيىپ ساپا قىلغان ئىنسانلارغا شۇنچىلىك ئاشىق بولۇپ كىتىسلەر ، بۇنى بىز ھىچ بىلمىدۇق ، ھەتتا بۇنىڭ ئۇچۇن ئاتا- ئاناڭلاردىنمۇ ۋاز كىچىپ ، ئاتا- ئاناڭلارنى ھاقارەتلەيسلەر .ئەگەر ئاتا-ئاناڭلار تۇغمىغان بولسا ، شۇ چاغدا قورساقتىن چۇشۇرۋەتكەن بولسا كىمنى تىللار بولغىيتىڭلار ، ۋاقتى كەلگەندە جىنازاڭلار ئۇستىدە بىر ئىتنىڭ

يېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم . ئاللاھتىن قورقۇڭلار بەندىلەر ، ....

ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى ھەرگىزمۇ قىلماڭلار .ئۆز-ئۆزۈڭلارنى تۆگەشتۈرۈۋالماڭلار ، ئۆزۈڭلارنىڭ بېسىپ ماڭغان قەدىمىڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار ، دەردىم بار — دەردىم بار دەيسىلەر ، ئەمما ئۆلىدىغان ۋاقىتتا قورقىسىلەر ، كېسەل بولۇپ ئۆلەر ھالەتكە كەلگەندە ئاندىن بىلەرسىلەرمۇ ؟ بۇ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۈم ئاللاھ مېنى كەچۈرەرمۇ ؟ نۇرغۇنلىغان قىزلارنى بۇزدۇم ، دوستلىرىمنىمۇ بۇزدۇم ، ئاتا-ئانامنىمۇ ھاقارەتلىدىم . قېرىنداشلاردىنمۇ يىراقلاشتىم ، دوستلىرىمنىڭ يېنىغا ئەسلا كەلمەس بولدۇم . .......

شۇ ۋاقىتتا ھەممىڭلار بىلىپ قالسىلەر ، ئاتا-ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىم ، يېرىم يالىڭاچ يۈردۈم ، ياغلىق چەگمىدىم ، ھېچ بىر دۇئا قىلمىدىم ، ئاتا-ئانامغا ھەمرا بولمىدىم ، قىز بالا تۇرۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكىم قالمىدى . قىز بالا تۇرۇپ ھەر سورۇن ، ھەر مەشرەپ ، ھەر كەيىپ- ساپالارغا يۈگۈردۈم ، نىمە مودا بولسا شۇنىڭغا بېرىلدىم ، مودا ھەۋەسلەرگە يۈگۈردۈم ، ئاللاھ مېنى كەچۈرەرمۇ دەپ شۇ ۋاقىتلاردا ئەنسىرىشىڭلار مۇمكىن .

ھەي بەندىلەر ئاخىرەتنى ئويلاپ قويۇڭلار ، بۇ دۇنيا سىلەرگە ۋە بىزلەرگە مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەس ، بۇ دۇنيادا ياشاڭلار ،

تىرىشچانلار ، ئوقۇغۇچىلار ، پەزىلەتلىك ياشانلار ، ئاتا-ئانىلارنى رازى قىلغانلار ، قەۋم-قېرىنداش، دوس بۇرادەرلەرنى رازى قىلغانلار ، ئەگەر ئۇلار رازى بولمىسا ئاللاھ ھەم سىلەردىن رازى بولمايدۇ .

يۈردۈك سەن ئىچكىرمۇ-ئىچكىر كەيىپ قىلىپ ،

ھەر-يەردىن ، ھەر-جايدىن بالىلارنى ئەكىلىپ .

يۈردۈك سەن گۇناھ قىلىپ بالىلارنى سېتىپ ،

ھەر-يەردىن ، ھەر جايلاردا ئاقلارنى سېتىپ .

يۈردۈك سەن قانۇن ئالدىدا ھەر ۋاقىت قېچىپ ،

قانۇننىڭ كۆزىنى بوياپ، ھاراقلار ئېچىپ .

سۈرۈنغا باشلىدىڭ سەن ھەممە دوستلىرىڭنى ،

بۇزۇپ ئۇلارنىڭ ئاغزى بۇرنىنى ئىتىپ .

ئۆزۈڭنى قىلدىڭ ، مەيدىمىزد تۈك بار دەپ ،

سۆزلىرىڭنى يوغان قىلدىڭ ، مەندىمۇ بار ۋىجدان دەپ .

ۋىجدانىڭ بولسا دوستلىرىڭنى هاراق-شاراپقا باشلىمايسەن ، ؟ ؟

ۋىجدانىڭ بولسا، ئاق ۋە قاپاقنى چىكىپ ئۆزەڭنى مەينەت قىلامسەن

ۋىجدان بار دەيسەن ئەي ئىنسان ،

شۇ باللارنى ئۇرۇپ مىيىپ قىلغىنىڭ ۋىجدانىڭمۇ ؟

ۋىجدان بار دەيسەن ئەي ئىنسان ،

شۇ قىزلارنى يامان يولغا سالغان ۋىجدانىڭغۇ .

غۇرۇرۇم بار مەن بىر ئەكەك دەيسەن ،

ئوغۇرلۇققا سالىسەن باللارنى .

غۇرۇرۇڭ قايناپ تېشىپ كەتكەندە ،

ئۇرۇپ ياققان تاماكىللىرىڭ ئازمىدى .

ئايالالارمۇ دەيدۇ بىزدە ئىپپەت غۇرۇر بار دەپ ،
قىزلانى سالىدۇ ئۇرۇپ تۇرۇپ ئىشلىرىغا يەنە .
بىچارە قىزلار بولۇپ قالسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغرىپ ،
تاشلىۋىتىمىز چۆللەرگە ئاپىرىپلا كۆمۈپ يەنە.

قانچىلىغان باللارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەي قالدى ،
سودىلىغىنى پۈتتۈرەلمەي ئاغرىپ ئۆلۈپلا قېلىپ .
قانچىلىغان ياشلار كىتىپ قالدى ئىيدىز بولۇپ ،
شۇ ناچار ناكەسلەرنىڭ قولىدا خارلىنىپ قېلىپ .

يۇردى باللار بوشاڭلىق قىلىپ كەيىپ ساپا قىلىپ ،
ھەر كۈنى ئارزۇيىمىز ھاراق شاراپ بار دەپ .
قاچانغىچە ئويغىنالماس ھاۋايى ھەۋەسكە بىرىلىپ ،
بىرەر كۈن دۇئا قىلغىنى ئەۋەلدۇر ئەۋزەل .

بىرەر ئارزۇ ھەۋەس قوغلاپ ئات چاپتۇرۇپ ،

ئويناپ يۈردى رىستۇراندا قاس-قاس قىلىپ .

يۈردى ھەر ۋاق كوچىلاردا قوللىرىغا ئاقنى ئۇرۇپ ،

قىزلارمۇ يۈرۈۋەردى تار ئىشتانلارغا مارجانلارنى قۇيۇپ .

كۈنلەر شۇنداق كىلدىكىن ئەي گۇناھكار بەندىلەر ،

قىيامەتتە سورىقى بار ، ھەر ئىشنىڭ ھەي بەندىلەر .

ئاتا-ئانا قېرىنداشلار رازى بولمىسا سىلەرنى ،

ئالاھمۇ رازى بولماس دەۋزەخكە مۇپتىلا سىلەر .

# «گۆش» كه تولغان داستخان

رەببىم بىزنى ھەرخىل تىل بىلەن ياراتتى . بىز شۇ تىللىرىمىز ئارقىلىق ھەرخىل ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز . تەلەپ - پىكىرلەرنى بىرەلەيمىز ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ، تەرەققىياتلاردىن خەۋەردار بولالايمىز . خىلمۇخىل ئۆرپ — ئادەتلەرگە كۆنەلەيمىز ۋە ئۇلارنى چۈشىنەلەيمىز .ئاللاھىم بەرگەن بۇ تىللىرىمىز بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازالايمىز . يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئىمان-ئېتىقادىمىزدا ۋەدە بېرىپ ، ئەھدە قىلىپ نۇرغۇنلىغان شىرىن سۆزلەرنى ۋە دۇرۇت-زىكرىلەرنى ئوقۇيالايمىز . يىغلاپ تۇرۇپ رەببىمىزگە سېغىنىپ دۇئا قىلالايمىز . غېرىپ ، مىسكىنلەرگە سەبىر ، نەسىھەت بىرەلەيمىز . ئەمما مانا بۇ رەببىمىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نىئمەتلىرىنىڭ بىرى بولغان مۇبارەك تىلىمىز بەزى ۋاقىتتا ناتوغرا گەپ-سۆز ، ئورۇنلارغىمۇ ھەم خىزمەت قىلدۇرۇلماقتا . مانا بۈگۈن مۇبارەك جۈمە كۈنى . مەنمۇ تەييارلىقىمنى قىلىپ مەسچىتكە يول ئالدىم . مۇنبەردە ئىمام ئاخۇنۇم ۋەزمىن ئاھاڭدا خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى . ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا جامائەتلەرگە بۇ مۇبارەك كۈندە كۆپرەك دۇئا قىلىشنى ، نامازنى ئەركانلىرى بىلەن

تۇلۇق ئادا قىلىشنى ، بۇ ئۇلۇغ جۇمە كۈنىنىڭ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بايرام كۈنىمىز ئىكەنلىكىنى ئاللاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى . تەكبىر بىلەن تەڭ ھەممەيلەن بىردەك نامازغا تۇردۇق . ئەمما ئاجايىپ بىر ئىش . سالام بېرىلىشى بىلەنلا جامائەتنىڭ تەڭدىن تولىسى دىگۈدەك ئالدىراش-ئالدىراش قايتىشقا باشلىدى . ھىچكىمنىڭ قولى دۇئاغا كۆتۈرۈلمىدى . ئىمام ئاخۇنۇم —ئەي جامائەت ! نامىزىڭلارنى تۇللۇق ئادا قىلىڭلار . نامىزىڭلار كەم بۇلۇپ قالمىسۇن . ھەممىمىز بىرلىكتە دۇئا-تىلاۋەت نامىزى ئوقۇيلى ، بىرلىكتە رەببىمىزگە دۇئا قىلايلى ، بۇھەپتىدە بىر كىلىدىغان جۇمەدۇر دەپ خىتاپ قىلدى . ئەمما ھەممە گويا ھازىرلا يەر تەۋرەپ مەسچىت بېسىۋالىدىغاندەك جان جەھلى بىلەن تىزرەك چىقىپ كىتىشكە ئالدىرىشىۋاتىسا بۇ سۆزلەرگە كىممۇ پەرۋا قىلىدۇ دەيسىز . گەپ ئىمامنىڭ ئاغزىدىلا قالدى . مەن ۋە مەسچىتتىكى بىر ساناقلىق بىر قانچە كىشىلا ئىمام بىلەن بىرگە دۇئا- تىلاۋەتلىرىمىزنى تاماملاپ قايتىپ چىقتىم . چىقسام مەسچىت ئالدى يايمىچى ، باققال ، ئالارمەن ،ساتارمەنلەر بىلەن لىق تولۇپتۇ . كىشىلەر ئالدىراش نەرسە-كېرەك سېتىۋالماقتا ئىدى . بەزىلەر گۆش ئالسا يەنە بەزىلەر باققال، كۆكتات ساتىدىغانلارنىڭ ئەتراپىغا چىۋىندەك ئولىشىۋالغانىدى . يەنە بەزىلەر بولسا قۇرۇق داستىخاننى

سىلىشۋېلىپ غەيۋەتنى باشلىۋەتكەنىدى . كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىم . كىشىلەر شۇنچە ئالدىراش نەگە بارىدىغاندۇ دىسەم يەنە مۇشۇ دۇنيا مەئىشەتلىرى بىلەن ئالدىراشكەندە !!! ئىختىيارسىز كېتىۋاتىمەن ، كاللامدا تۈمەن مىڭ خىيال . ھەي ئىسلام پىرىنسىپلىرىدىن كۆنسىرى يىراقلىشىۋاتقان ئىنسانلار .....................

ھەش-پەش دىگۈچە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ يەنە بىر جۈمە كۆنىمۇ يىتىپ كەلدى . ياخشى تەييارلىق قىلىپ مەسچىتكە كەلدىم ۋە مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىۋېلىپ جامائەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتۈم . زىكرى-تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇرغان ئازغىنە بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىلىرى يەنە مەسچىتتە دۇنيا پارىڭىغا چۈشۈپتۇ . بەزىلىرى ئۈندىدار ئويناپ كۆلۈشۈپ ئولتۇرسا يەنە بەزىلەر دوستلىرى بىلەن قىلىشقان ئاللىقانداق بىر ساياھەت ، كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ گىپىنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى . ئەزاندىن كيىن ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبىسىنى باشلىۋەتتى . ۋە ئاخىرىدا ئالدىنقى قېتىم ئەسكەرتكەن ئىشلارنى زىرىكمەستىن يەنە بىر قىتىم تەكرارلىدى ۋە ئالدىراش نەگە بارىسلەر ياكى ئۇ دۇنياغا بارامسىلەر ياكى ئاتا-ئاناڭلار كىسەلمۇ ؟ ياكى سەپەرگە ئالدىرامسىلەر ؟ ھەي جامائەتلەر !!!! ئالدىرماڭلار . تولۇق ئادا

قىلىشلار ، تولۇق ئادا قىلىپ ئۆيۈگلارغا قايتىشلار . ئاتا-ئاناڭلارغا سادىق بولۇپ ، ئاتا-بوۋاڭلار ھەققىدە دۇئا قىلىڭلار . دۇئايىڭلار چالا قالمىسۇن ، تامىقىڭلار چالا قالمىغاندەك ۋە چالا قالسا قورساق تويمىغاندەك بولۇپ قالمىسۇن دۇئانى كۆپ قىلىڭلار ، كۆپ قىلىشىڭلار ئەۋزەلدۇر دەپ تولا سۆزلەپ ئۇلارغا قاقشاپ ھېرىپ قالغان چېغى ، بۈگۈنكى جۈمەدە ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدى .

نامىزىمنى تۈگۈتۈپ سىرتقا چىقتىم ، سىرتتا كىشلەر غەيۋەتكە چۈشكەن ئىدى . مەن بىرەيلەننىڭ يېنىغا باردىم ۋە سالام بەردىم .

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا ، ياخشى تۇردىڭىز ، نىمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ھە ئولتادۇق ئۇكا .

- ۋوي بۇ جۈمەنى ھەجەپ بالدۇر ئوقۇپ بوپسىلە ھە .!!!

- پەرىزنى ئوقۇپلا چىققانتۇق ، پاراڭلىشىپ ئولتادۇق . دەپ ئولتۇراتتى 7 ~ 8 ئادەم .

تويۇقسىز ئۇ ئاكمۇ ھە ئۇكام ئەخمەتنى كۆردىڭمۇ ؟ ياقەي كۆرمۇدۇم ، ھە . بۈگۈن جۈمەگىمۇ چىقمىدى ئۇ . قارىغاندا يەنە

باشقا بىر يەرلەردە هاراق ئىچىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ . تۈنۈگۈن قارىسام قاتتىق مەس ئۇ ، كوچىدا يېتىپتۇ ، ھەممە يەرلىرى قۇسۇق ئىشتانلىرىغا سىيىۋېتىپتۇ ئۇ ھاراقكەش .

- مەن ، ئۇنداق دەپ كەتمە ئاكا ، خۇدايىم بىر كۈنى كۆڭلىگە ئىنساپ بىرە ، ئۇنىڭغا ھىدايەت تىلەيلى . غەيۋەتنى قىلماي ، غەيۋەت ئادەم گۆشىنى يىگەن بىلەن ئوخشاشتۇر ، ئاھاي ئۇكام ، نىمە گۆش ئۇ قانداقسىگە ئۇ مەينەتنىڭ گۆشىنى يىگەن بولىمىز . ئۇ مەينەتنىڭ ئۇنداق ھاراقكەش بولغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى دىدى ، ئۇ بىزگە قاراپ .

- ھە بۇلدۇ ئاكا ، مىنىڭ بىر ئىشىم بار ئىدى ، دەپ مەنمۇ ئۆز يۇلۇمغا كېتىپ قالدىم . بۇنداق غەيۋەتلەر بىلەن مىنىڭمۇ تازا خوشۇم يوق ئىدى . لىكىن بەزى بىر قىسىم كىشلەر نىمانچە ئامراق بولىدىكىن ھىچ بىلمىدىم .

ئارقىدا يەنە بىر مەھەللە بار ئىدى مەن ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن شۇ مەھەللىدىن ئۆتۈشكە توغرا كىلەتتى . شۇ يەردىن ئۆتۈۋاتسام بەزىلەر قوللىرىغا قەرت ئېلىۋاپتۇ . بەزىسى دىك-دىك ئېلىۋاپتۇ . ئۇلار ئالدىراش قىمار ئويناۋاتاتتى ، تۈيۇقسىز بىرسى ، ھەي مەمەت جۇمەدىن چىقىپسەن ھە ، !!! تەلييمنىڭ كىلىشىگە تازا دۇئا قىلغانىسەن ، كىلە بىر دىك-دىك ئېتىپ باقمامسەن 50

يۇۋەنگىلا ، كىم بىلىدۇ ، ئىمام ئۇدۇملىرىنى بەرگەن بولسا تېخى تەلىيىڭ كىلىپ قالامدۇ . ... ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ كىلىپ بىرنى ئاتتى يانچۇقىدىن 50سوم چىكەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيىنىغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . ھەي ... غەيۋەت دىگەننى ئىلگىرى قىلىۋاتاتتى . سېنىڭ ھېلىقى ئاغىنەڭ تازىمۇ ناچار نەرسىكەن جۇمۇ ؟ ئۇ قاچانلا قارىسام نەشى چىكىپ ، قاپاق چىكىپ دەلدۇشلام يۈرگەن ، ئۇنىڭ ئايالىچۇ تېخى ، ئاجايىپ بىر مەينەت ئايال دىگىنە ، تونۇگۇن ئۇلار تاماقتا چاقرىپ تىكەن ، قارىسام قازاننىڭ يىنىدا جامبا تۇرىدۇ . پەستە سۇ يىغىلىپ كۆل بولۇپ كىتىپتۇ . ھەي يىگىلى بولامدۇ ئۇ تاماقنى ، ئۇ ئايالنىڭ پۇتلىرى دىگەن ، ئاجايىپ قاسماق ، يېرىق بولۇپ كىتىپتۇ . توشەي كىيىپ لەغمەن ئەتتى ، ھېلىقى لەغمەن كۆزۈمگە خۇددى بىر مەينەت نەرسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى دىگىنە . ھەي ئاللاھ ... ئادەمغۇ مەينەت بولا ، لىكىن ئاش-تاماقتا شەك كەلتۈرمەسلىكى كېرەكتە ، مانا غەيۋەتلەر ئارقا-ئارقىدىن باشلاندى . ھېلىقى ئالىم ئاڭلىسام پۇل تېپىپتۇ ئۇ ، ئازراق پۇل تېپىۋېلىپ ھالىنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى ، ھىچكىمنى ياراتمايدۇ . گېپىنىڭ چوڭلىقىچۇ ، ئاخسالىقىچۇ ئۇنىڭ . گەپ توغرا كەلمەيدۇ دەڭلار . ئادەمنى كۆزگە ئىلماي نوچىلىق قىلىپ مېڭىشلىرىچۇ ، !!! غەيۋەتلەر خۇددى زىخقا كاۋاپ

ئۆتكۈزگەندەك رەت — رېتى بىلەن تىزىلىپ چىقماقتا ئىدى . ھەرخىل-ھەرياڭزا غەيۋەتلەر بۇلارنىڭ قۇرۇق سورۇنلىرىدا ، داستىخانلىرىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى ، بۇ داستىخان بىر دۆۋە ئادەم گۆشى بىلەن تولغان ئىدى . ئەجىبا بۇلار قىمار ئويناپ پۇلى قالماي ، گۆش يىيەلمەي قالغان چېغى . بەلكىم شۇڭا غەيۋەت قىلىپ ئادەم گۆشنى كۆپرەك يەپ سەمرەيلى دىگەن بولسا كېرەك . قاچانغىچە يەيدىكىن تاڭ ........ ھېچ تويمايدۇغۇ بۇلار .

بەلكىم بۇلار بۇ 2-3 سائەتلىك غەيۋەتلىرىدە 3-4 تونىنا ئادەم گۆشنى يەۋەتكەندۇ بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ . ئاغزىغا چىقتىمۇ بولدى بىر-بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ، غاجىشىپ ،ئۆز-ئارا كۈشكۈرتىشىپ غەيۋىتىنى تېخىمۇ رەڭلىك قىلىۋەتكەن ھەي ئىنسان...............!

ئىچىمدە ئىستىغفار ئېيتىقىنىمچە ئۇ سورۇندىنمۇ ئايرىلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم . كىتىپ بارسام بىر نەچچە ئاياللار تازا قىزىق سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ . ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ سۆزى قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى .

- پالانچى ئايالنى تونۇمسىلەر ، ئاڭلىسام كاللىسى تازا جايىدا ئەمەسمىش .ئۆتۈپ كەتكەن مەينەت ، بىجىرىم ئەمەس

خوتۇنكەن . كىرمۇ يۇيماي ، تاماقمۇ ئەتمەي كۈن چۈش بولغىچە ئۇخلامش دەپ گەپ باشلىدى بىر ئايال .

-شۇ ئەمەسمۇ ،ئۇنىڭ بىر گېپىنى قىلمىسىلا ، قارىسام ئېرىدىن باشقا بىرەر ئاشنىسى باردەك ئۇنىڭ گەپ قىستۇردى يەنە بىرى ...

ئاردىن يەنە بىر ئايال گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ غەيۋەتنى ئۆزىنىڭ قېين ئانىسىدىن باشلىدى .

-ھەجەپمۇ تويدۇم بۇ قېين ئانام دىگەن جادۇگەر خوتۇندىن . ئەتىدىن — كەچكىچە كەينىمدىن تىمىسقىلاپ يۈرگىنى يۈرگەن . ئۇنى قىلمىدىڭ ، بۇنى قىلمىدىڭ، ئۆي تازىلىمىدىڭ دەپ توختىماي ۋاتىلداشلىرىدىن جاق تويدۇم . قۇلۇم-قوشنىلىرىمغا غەيۋىتىمنى قىلىشلىرىچۇ تېخى ! بىرەر تال ئەخلەت چۈشۈپ قالدىمۇ بولدى كۆزۈمگە كىرىۋالغىنى كىرىۋالغان . ئۇ جادىغا ھىچنەرسە توغرا كەلمەيدۇ . كەچتە ئوغلى كەلسە ئۇششۇقلۇق قىلىپ يىغلاپ چېقىشلىرىچۇ تېخى . ئىلگىرىكىن ئەسكى جادى دىگىنە ئۇ .

- سىنىڭ ئاناڭغۇ ھەر-ھالدا ياخشىكەن . مىنىڭ قېين ئانام دائىم مىنى تىللايدۇ ، غادىيىدۇ. ئوغلىغا بولسا ۋاي دەپ ماڭا كەلگەندە ئوغۇل تۇغمىدىڭ دەپ تىللاپ كىتىشلىرىچۇ تېخى . يا

ئادەم خالىغىنىنى تۇغىۋالغىلى بولمىسا . نىمە تۇغۇلسا شۇ ئوغلىنىڭ بالىسىغۇ دىدى قاپاقنى تۇرۇپ . مەن ئۇلارغا سالام قىلىپ قويۇپ يولۇمنى داۋام ئەتتىم .

-ھەي ساقام !ئاپاڭ قانداقراق دەپ سوراپ قالدى ئاردىن بىرى .

ھە ياخشى ،ئۇدۇللا جاۋاپ بەردىم مەنمۇ .

-ھە ئاپاڭغۇ ياخشى ئايال ، لىكىنزە شۇ بىر يېرى ........

-ھە لىكىن دەيسىزغۇ ،ئاپامغا نىمە بوپتۇ ؟ دىدىم مەن

-شۇ بىزە خۇيى يامانراق .

-خۇيى يامان دىسىلە ، ھەر نىمە بولسا سىلەردەك غەيۋەت قىلىپ ، باشقىلارنى غاجىلاپ ئادەم گۆشى يىمەيدۇ ، سىلەرچۇ؟ قاچانلا قارىسا باشقىلارنى غاجىلاپ يۈرگىنىڭلا يۈرگەن . ئادەم گۆشى يەپمۇ تويمايسىلەر . ئىشەك جېنىدا ياغاچ غاجىلايدۇ ،ئىت جېنىدا سۆڭەك غاجىلايدۇ ، ھايۋان جېنىدا ھىچقاچان بىر-بىرىنى غاجىلاپ گۆشىنى يىمەيدۇ . ئەمما سىلەر باشقىلارنى غاجىلاپ ئادەم گۆشى يەيسىلەر دىدىم .ئاردىن بىر ئايال :

-ھەي بالام ساراڭمۇ سەن ،بىز پەقەت سەت خۇيى بار ئىكەن دىدۇق ، غەيۋەت قىلمىدۇق دىدى .

-ئەمسە بىرىپ ئاپامنىڭ ئۆزىگە دىسەڭلار بولمامدۇ ماڭا دىگۈچە . بۇ ئوخشاشلا غەيۋەت قىلغانلىق بولماي نىمە؟ ياكى بولمىسا ئېرىڭلار گۆش ئېلىپ بەرمەي ئاچ قويدىمۇ شۇنچىۋالا غەيۋەت قىلىپ ئادەم گۆشى يىگۈدەك دىدىم دە ئۆيگە كىرىپ كەتتىم . كىرسەم ئۆيدە بىر نەچچە خوشنا مومايلار ئولتۇرۇپتۇ. ئاپام بولسا چاي تەييارلاۋاتاتتى . ۋاي ئاللا توۋا قىلدىم ، قېرىشقاندەك بۇ قېرىلارمۇ غەيۋەتكە دۇم چۈشۈپتۇ . ئارىدىن بىرى :

- كىلىنىمنىڭ ئەسكىلىكىنى بىر دىمىسىلە ، ئەتىگىنى قوپۇپ هويلا ئاراملارنى سۈپۈرمەيدۇ ،يا تاماق ئەتمەيدۇ ،كەچكىچە پۈشۈلداپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان ، ئازراق گەپ قىلىپ قويسام بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ يامانلاپ ماڭغان . هەي......خەق دىگەن هامان خەقلىقىنى قىلىدىكەن . خۇيمۇ تويدۇم ئۇنىڭدىن . سۆزلىسەم دەردىم تۈگىمەيدۇ مىنىڭ دىيىشىگە ئەتراپتىكىلەرمۇ بىرەر ئېغىزدىن گەپ قۇشۇپ غەيۋەتكە تەڭ شىرىك بولۇشتى . ۋە ئۆز كىلىنلىرىنىڭ دەردىنى تۆكۈپمۇ ئۈلگۈردى . مەن ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ ئىشقا ماڭدىم . دوقمۇشتا قېرى — ياش هەممىسى ئولتۇرۇشقاندى . توۋا ..ئۇلارنىڭ ئىشى يوقمىدۇ ؟ ئىشى بار بىراق ئىشلىمەيدۇ .

خۇددى ئابروي تالاشقاندەك بەس – بەستە غەيۋەت قىلىشىدۇ . پالانچى هاراقكەش مەس بولۇپ يېتىپ قاپتۇ . پالانچى ئاق چىكىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ دىگەندەك ئاقماس پاراڭلار . خىلمۇ-خىل غەيۋەتلەر .بىرەرسىنىڭ ئېغىزىدىن ياخشى گەپ چىقمىغان.

ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرسىنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .

-هە سىلەرنى كاتتا ئولتۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ ، هېلىقى يېقىندا ئىچكىرىدىن چىققان مەردان كاتتا سورۇن تۈزەپ بېرىپتۇ دەيدۇغۇ . تازا ئىچىشكەنسىلەر هەقاچان ؟! ئاڭلىسام هەر قىممەت باهالىق هاراقلار ، گۆش – كاۋاپلار بىلەن تازا مېھمان قىپتۇ دەيدۇ ، تازا مەرت نىمكەندە قارىغاندا !

-هەي ئۇنى بىر دىمەڭلار ، ئاجايىپ پەيزى ئولتۇردۇق.ئوغۇل بالا دىگەن مانا مۇشۇنداق بولسا .

-سىلەر ئاغىينىدارچىلىقتا يارىمايدىكەنسىلەر جۇمۇ . شۇنداق پەيزى سورۇندىن مىنى ئايرىپ قويغۇنۇڭلار نىمىسى هەي... دىدى ئاردىن يەنە بىرى هەسرەتلىك تىنىپ .

- ھە بولدى رەنجىمگىنە ئاداش . بۇگۈن بىر سورۇنىمىز بار يەنە كىلىپ رەڭلىك دىگىنە ،شۇنداق گۈزەل ساھىبجامالارمۇ بار ئىكەن دىگىنە . ھەممە چىقىم ئۆزەمدىن دەيدۇ تېخى .

- پاھ پاھ پاھ ... ئوغۇل بالا دىگەن مۇشۇنداق بولسا ھە ، ،مانا بۇنى ھەقىقى ئەركەك دەيمىز . ئالامەت ئىسىل نىمىدە بۇ .... دادىسىنى دوراپتۇ ،مۇشۇنداق ئاغىينىنى كەم قىلمىسۇن جۇمۇ باللا دىيىشتى بەس — بەستە .

- ھە ئۇكام قانداق ؟ سەنمۇ قاتنىشىپ قويامسەن ؟ ئاغىينىمىز بولامدىكەن يا ؟

- بۇ گەپ نېرۋامغىلا تەگدى . ئەتىگەندىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاچچىقلىرىمغا قوشۇلۇپ جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتتى .

-ئاغىينىڭىز بولىدىكەن ئاكا بولىدىكەن . ئۇدۇللا دەۋزەخنىڭ يولىغا باشلايدىكەن . كۆپرەك يەپ — ئىچىپ ، چىكىپ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرۈشۈپلىگلار ئاكا ، چۈنكى دەۋزەخكە چۈشكەندە بۇنداق سورۇنلار ئەسلا بولمايدۇ دىدىم مەن زەردە بىلەن . شۇ زامان ئاردىن بىرسى چىقىپ :

-نىمانچە ساراڭ شۇم بۇ ، يوقلە ماڭ ، بىر ياخشى كەيپىمىزنى ئۇچۇردۇڭ . كىچىك بالا دىگەننىزە ....

-ھەي ئاكا مەنمۇ 20 دىن ئاشتىم ،ئۇنچىۋالا كىچىكمۇ ئەمەس . لىكىن مەن ساكا ئوخشاش مەيدىسىنىڭ تۈكىنى كۆرسۈپ قويۇپ ئوغۇل باللىقىنى پەش قىلىپ قىزلارنىڭ ئالدىدا شالۋىقىمنى ئېقىتىپ يۈرمىدىم ۋە ياكى بىرسى بىرەر رومكا ھاراق بەرسە تۈلكىلىك قىلىپ ئارقىسىدىن سوكۇلداپمۇ يۈرمىدىم . ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ھالال ئىشلەپ رىزقىمنى تېپىپ يىدىم . سەندەك بىراۋنىڭ سورۇنىغا قاراپ قالغىنىم يوق . ئادەم ئەقلى -ھۇشى جايىدا بولسا ئۆزىگە گەپ كىلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ .

ھازىر سىلەرنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى مايمۇنلاردىن ھىچ پەرقىڭلار قالماپتۇ . ئەگەر سىنىمۇ بىرەر باغچىغا قويۇپ بەرسە چۇقۇم بازىرىڭ چىقىپ كىتىدۇ . كىلىپ كىتىدىغانلارنىڭمۇ ئايىقى ئۈزۈلمەس ھە قاچان دىدىم مەنمۇ تازا ماز قىلىپ .

ھەي ئويلاپ بېقىڭلار ،قاچانغىچە ئاتا-ئاناڭلارنى قاخشىتىپ يۈرۈيسىلەر ھە بۇلۇمسىزلىق قىلىپ .يا ئىشلىمەيسىلەر ، يا باشقا بىرەر ئىشنىڭ پىشىنى تۇتمايسىلەر . شۇڭلاشقىمۇغۇ ھازىرغىچە بويتاق يۈرۈيسىلەر مانا بىرەر قىز چىقماي ناچارلىقىڭلاردىن. بولىدۇ ئەمسە رەنجىتكەن بولسام كەچۈرەرسىلەر . ئاللاھىم ھىدايەت بەرسۇن ، ئەمدى ھاراق ئىچمەڭلار دىدىم دە كىتىپ قالدىم . بىردەمدە ئىش ئورنۇمغىمۇ

يىتىپ باردىم . ئىش ئورنۇمدا چوڭلار بىلەن ئىشلەيتتىم . ئۇ قۇرلۇشمۇ پۈتەي دەپ قالغان بولۇپ پەقەت 3-2 سائەتلىكلا يېرى قالغان ئىدى. بىز ئىشىمىزنى تىزرەك تۈگۈتۈپ باشقا بىر يەرگە بېرىشنى ئويلاشقاندۇق . شۇڭلاشقا مەنمۇ بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق . ئىش ئارلىقىدا بىردەم ئالغاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق .

-ھەي باللار !ھازىر باللار، ياشلا كىتىپ باردۇ . قاراڭلار ئىشلىگەنگە يەتمەيدۇ . بىرلىرى ھاراق ئىچىپ ، كەيىپ — ساپاغا بىرىلىپ جېنىنى نابۇت قىلسا يەنە بىرلىرى ئاق چىكىپ . ئاللاھ شۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن ، ھىدايەت قىلسۇن دىدى بىرەيلەن . چوڭ ئۇستام كىلىپ

-ھەي ئاۋۇ پالانچىمۇ ھاراق ئىچىپ ئۆلدۇ ئاخىرى دىۋىدى ئاردىن ياشتا چوڭراق بىرى :

-ھەي ئۇكام !غەيۋەت قىلمىغىن ئاللاھ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرە ، ئەگەر بەك دىگۈڭ كىلىپ كەتكەن بولسا ئالدىغا بېرىپ دىگىن، ئۇ غەيۋەتكە كىرمەيدۇ بەلكى نەسىھەتكە كىردۇ دىدى.

ھەممەيلەن ئۆز-ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق .

-تۈنۈگۈن تۈركىيەدىن بىر قېرىندىشىمىز كەپتىكەن . ئۇ نۇرغۇن خەيرى — ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلغان كىشى ئىكەن . ئۇ مەسچىتلەرگە ،قېرى ،ياشانغان ، باققۇنچىسى يوق كىشىلەرگە نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىپتۇ . يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ ئوقۇتۇپتۇ . ئۇ كىشى يىلدا شۇنداق قىلىدىكەن ،بۇ قېتىممۇ 50-60 مىليۇنغا يېقىن پۇلنى خەير-ساخاۋەت قىپتۇ . ئارىمىزدىن شۇنداق كىشىلەر كۆپلەپ چىقسا ، كۆپرەك ئىئانە قىلسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى هە ! ئەمما بۇ ئىنسانلار قاچانلا قارىسا غەيۋەت قىلغان ، ئىشلىمىگەن ياكى بولمىسا 2 كۈن ئىشلىسە 4 كۈن يوق كەيىپ-ساپادىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي يۈرگەن . يانا تېخى بىز ئەركەك دەپ كىتىشلىرىچۇ تېخى . هەي...قۇرۇپ كەتسۇن شۇ ئەركەكلىكى .ئۇلارغا قارىغاندا 7 ياشلىق باللىنىڭ ئەركەكلىكى ، غۇرۇرى كۈچلۈكرەكمىكىن دەيمەن ئاكا . هىچ بولمىسا هەر ئايدا 300-400 يۈەن بولسىمۇ بەرسەم بۇلاتتى دىدىم مەن . شۇ ئەسنادا ئارىدىن بىرەيلەن :

-هەي ئاغىينىلەر ! بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىكەن . هەممىمىز ئازراقتىن پۇل چىقىرىپ شۇ نامرات غېرىپلارنى بىر خوش قىلىۋەتمەيلىمۇ دىدى ئارىمىزدىكى ئەمەت ئۇستا .

ھە بولىدۇ دىيىشىپ يېنىمىزدىن 100 يۈەندىن پۇل چىقىرىپ ياندىكى يالغۇز بوۋايغا بەرسەك خوش بولۇپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا دۇئا قىلدى . ھە قارا بىرىنىڭ خوشاللىقىنى كۆرۈش نىمە دىگەن ياخشى ئىش ھە! بەزىلەر ئۇ قېرى ئۆلەيلا دەپ قالغان تۇرسا نىمىگە پۇل بېرىدۇ ، بەرگەننى بىلەمتى ئۇ قېرى ، ئەتە – ئۆگۈن ئۆلسە نىمىسى قالاتتى ئۇنىڭ دىيىشىدۇ . بۇنداق گەپنى پەقەت دوقمۇشتىكى ھېلىقىدەك ئىش خوشياقماسلاردىن باشقا ھىچكىم دىمەيدۇ . كۆنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە . نۇرغۇنلىغان ئادەملەر قۇرۇق داستىخانغا ئادەم گۆشنى قۇيۇپ قۇيۇپ غەيۋەتنى لازا ، ئەر-شىكايەتلىرىنى ئاچچىقسۇ قىلىپ تازا مەزە قىلىپ تۇرۇپ يىيىشىدۇ . ئەگەر سىز 2 كىلو گۆش يىسىڭىز تويۇپ قالارسىز . ئەمما ئۇلار ئادەم گۆشنى كۈندە تونىلاپ – تونىلاپ پۈتۈن يەۋىتىپ بارىدۇ . ئەجەبا ئۇلارنىڭ قورسىقى تويمىغانمىدۇ ؟ ياكى ئىشسىزلىق ، ئاچارچىلىق ئۇلارنى مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلغانمىدۇ ؟ ياكى بولمىسا ئاياللارنى بىكارچىلىق ، تۇللۇق مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلدىمۇ بۇنى ھىچ بىلمىدۇق . ھەي.......!

يەيسەن-يەيسەن تويمايسەن ، سەن گۆشنى كۆرمگەنمۇ ؟
داستىخىنىڭ قۇرۇق بولغان بىلەن يېتىۋاتىدۇ 5-6 ئادەم .
يەۋاتىسەن ئۇستىخاندىن باشلاپ سەن ئۇنى ھەر كۈنى ،
يەۋەرسەڭ قورسىقىڭ پارتلايدۇ ئارام ئالغىن سەن بىردەم .

ئىنسانغا ئىنسان موھتاج ئەيلىمىگىن ،
غەيۋەتكە بىزنى ھەرگىز يار —يۆلەك قىلمىغىن .
غەيۋەتنى بىزلەرگە ھەمراھ قىلمىغىن ،
ئاجىزە بەندىلىرىڭگە سەن ياردەم قىلغىن .

غەيۋىتى كۆپ ، شىكايىتى كۆپ ھەممىدىن ،
ئەرزىمەس سۆزلىرى كۆپ ھەممىدىن .
پۇل دەيدۇ قاخشاپ تۇرۇپ غەيۋەت قىلىپ ،
يانچۇقىدا موچەن يوق پۇلدارنى تېخى ياراتماي قىلىپ .

ئارتۇق تاپسا 10 يۈەننى باشقىلاردىن ،
كەينىدىن غاجاپ ئاق ساتتى دەيدۇ .
تېپىۋالسا ئىشلەپ تۇرۇپ 100 يۈەننى ،
كەينىدىن ئىچكىرىدە بالا ساتتى دەيدۇ .

مېھنەت قىل ئەي ئىنسان سەن ئۆزۈڭ ،
بوشاڭلىقتا يانچۇقۇڭدا 10 تەڭگەڭ يوق .
تىيىنچىلىك پۇلۇڭ بولمىسا بوپتۇ دىدۇق ،
دائىما بولسۇن سىنىڭ بۇغداي سۆزۈڭ .

گۆش تۇلۇپتۇ داستىخانغا ،
كىشىلەر يەپتۇ ھەر ياندىن .
ئادىملىرى قانچە كۆپ كەلسە داستىخانغا ،
تولغىنى گۆش ئەمەس ، غەيۋەتكەن داستىخانغا.

ھەي ئاللاھ ، كىشلەرنىڭ غەيۋەت قىلىشماسلىقىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلاتتۇق .لىكىن كىشلەر توختاتمىدى .

بىرسى ئازراق پۇل تېپىپ قالسا ئارقىدىن غاجايسىلەر ، ئۆزۈڭلار تاپمايسىلەر. بىر ئىنسان قانچىلىك پۇل تېپىۋاتىدۇ ، ۋە قانداق تېپىۋاتىدۇ . ئۇنى ئۆزى بىلىدۇ . سىلەرنىڭ ھەددىن زىيادە ئەنسىرەپ ھەسەت قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر .

ئۇنى ھالاللاپ تاپتىمۇ ؟ ياكى قانداق تاپتى ، ئۇنىڭدىن رەببىم خەۋەرداردۇر . غەيۋەت قىلماڭلار ، گۇناھتىن يىراق تۇرۇڭلار . غەيۋەت ، ھەسەت ، گۇمانخورلۇق ، بىكارچىلىق ئىنساننى تۈگەشتۇرۇپ ياتسا قوپالماس ھالەتكە ئەكىلىپ قويىدۇ .

بەزىلەر باركىن ئۇلارغا خۇددى غەيۋەت قىلىش ئادەت بولۇپ قالغاندەك ، غەيۋەت قىلىپ ھارام گۆش يېيىش كۈچ — قۇۋۋەت بولۇپ قالغاندەك ئېغىزدا تىللىغانلىرى ئاز كىلىپ ھەتتا ئۈندىدارلاردا ئاۋازلىق قىلىپ غەيۋەت بىلەن شۇ كىشىنىڭ گۆشىنى پۈتۈن يەۋېتىدىغان بولۇپ كەتتى . ھەي ئىنسان ئۇ سىنىڭ دۈشمىنىڭ ۋە ھەر قانچە ناچار ئادىمىڭ بولۇپ بولسىمۇ ۋە ياكى ساڭا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ سەن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى . بىراق سەن ئۇنىڭ پوق

سۈيدۈكدىن تارتىپ يەۋەتتىك . بىلەمسەن ؟ بەلكىم سەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ۋە تىرىكلەرنىڭ ئۇستىدىن غەيۋەت قىلىشىۋېرىپ بۇنداق هارام يېيىش ساڭا ئادەت بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ . يازساڭغۇ بىر گەپ . لېكىن يوق ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ جىقراق گۆش يەي دەپ سالونلارغا يوللايسەن . ساڭا گۆش ئازلىق قىلىۋاتامدۇ ؟ سىلەر بىراۋنى تىللاش ، هاقارەتلەش بىلەن پۇل تاپىمەن دىگۈچە كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلساڭلار بولمامدۇ ياكى هۆكۈمەتنىڭ سىلەرگە بەرگەن تۇرمۇش كاپارەت پۇلى ئاز كىلىپ گۆشكە تويماي قالدىڭمۇ ؟

ئەي غەيۋەتخور ئاڭلىغىن . شۇنداق بىر كۈن يەنى مەهشەر كۈنى كېلىدۇكى هەر قىلغان غەيۋىتىڭنىڭ گۆشىنى قۇسۇپ چىقىرىدىغان . قوي گۆشىنى جىق يەۋەتسە گۆشتىن چىقىپ قۇسىدۇ . بىراق سەن ئادەم گۆشىنى تونىلاپ – تونىلاپ يەپ ئەسلا تويمايسەن . شۇ مەهشەر كۈنى بارلىق ئىنسانلار ئالدىدا غەيۋەتلىرىڭنىڭ دەستىدىن ئاغزىڭدا قان – يىرىڭ ئوت بولۇپ چىققاندا قانداق قىلارسەن . بەلكىم شۇ چاغدا گۆشكە تويۇشۇڭ مۇمكىن .

قىلما سەن ھەسەت باشقىلارنىڭ دۇنياسىغا ،
باشلىۋالما ئۆزەڭنى دەۋزەخنىڭ ئوتۇنلىرىغا .
ياخشى ياشىغىن ھالال مېھنەت بىلەن ، ھالال سۆز بىلەن ،
ئىزدىنىپ سورىغىن ، ئالغىن مەسلىھەت ئىلىم ئەھلى بىلەن .

ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى دائىم چىشلەپ تارتماڭلار ،
تىرىك يۈرگەن ئادەمنى دائىم تىللاپ يۈرمەڭلار .
ئاغزىڭلاردا ئوت بولۇپ ئىچ باغرىڭنى كۆيدۈرەر ،
رەببىم بەرگەن شۇ ئېغىزدا ئىستىغفارنى ئوقۇڭلار .

سورۇن تۈزەپ تىللايسەن ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن ،
چۈرۈپ كەتكەن سۆڭەكنى يەپمۇ ئەسلا تويمايسەن .
ئىتمۇ جېنىدا يېمەستۇر چۈرۈپ كەتكەن سۆڭەكنى ،
ھەق ئاللاھنىڭ پاكىتىنى سەن ھەرگىزمۇ بىلمەيسەن .

بلسپ قالسەن بىر كۈنى ئۇتنى يىگەن شۇ كۈنى ،
قاراپ قالسەن ھەيراندا سەن تىللىغان كىشىنى .
غاجىلايسەن ، تىللايسەن رەببىم ئۆزى كۆرسىتەر ،
خالايىقلار ئالدىدا رەسۋا بولغان شۇ كۈنى .

غەيۋەت قىلما ئەي ئىنسان ئىلىم-بىلىم ئوقۇغىن ،
ھەر سۆزلىرىڭ ئىسپاتتا قىيامەتتە سۆزلىنۇر .
شىرىن سۆزلەر ، ئەخلاقتىن سەن قەلبىڭنى تولدۇرغىن ،
ئىلىم-مەرىپەت پەزىلەتتىن جەننەت ئىشىكى ئېچىلۇر .

داستىخىنىڭ كەڭ بوپتۇ تولۇپتۇ ساڭا ھەر گۆشلەردىن ،
ھالالمۇ ھارام مەن بىلدىم بىسمىللاھ دەپ يىيەلەمدىم .
سەن تەييارلىغان بۇ گۆشلەر شۈبھىدىن خالىمدۇ ؟
سەن يىگەن شۇ گۆشلەردىن ئاللاھىم ھەم رازىمىدۇ ؟

ھالال دەپ رازى بولغان بولسا ھەر كىشى ،
گۆشلىرىڭگە كۆپ كىشى تەييار ئىدى .
ھەر كىشىنىڭ ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ ،
داستىخىنىڭنى چۆرىدەپ ئولتۇرار ئىدى .

بىكارچىغا خۇيمۇ ئوبدان ياقار ،
بۇ گۆشنىڭ كىلوگىرامىنىڭ ھەقسىزلىقى .
نىمانچىۋالا ياخشى گۆش دەپ خوش بۇلۇپ ،
ئىشتىھا بىلەن تونىلاپ ئەكەلگۇسى .

ھەقتۇر مۆئمىن بولسا ھەر ۋاقىت ،
يىمەستۇر ئادەم گۆشىدىن .
داستىخانغا ئولىشىۋالماس بىكارچىلىقتىن ،

غەيۋەت — شكايەت قىلىپ يامانلاردىن .

گۆشلىرىڭگە ھەمراھ بوپتۇ شەيتان ھەر تەرەپتىن ،
ئۇستىخاننى قولغا ئاپتۇ بەتبەشىرە ، ياۋۇز بولۇپ .
ياۋۇزلارچە يەپ كەتتى ئالدىدىكى گۆشلەرىدىن ،
ئىنسانىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن تازا خوش بولۇپ .

ھەي بەندىلەر سەبىر — تاقەت قىلىڭلار ،
ياخشىغا ھەر ۋاقىت ھىدايەت قىلىڭلار .
ئىنسان گۆشى يېيىشتىن يىراق تۇرۇڭلار ،
ھەرۋاقىت غەيۋەتتىن ئاللاھىمدىن قورقۇڭلار .

ئەي قېرىنداشلىرىم ! غەيۋەت قىلماڭلار ، غەيۋەت قىلغانلىق ئادەم گۆشى يىگەنلىكتۇر . بۇ ھەقتە ھەدىستىمۇ ھەم دەلىل باردۇر . بەلكىم ئوقۇغانسىز . غەيۋەت شۇ كىشىنىڭ گۆشىنى پۈتۈن يەۋەتكەندەك بولىدۇ . بەلكىم سەن تىنىماي غەيۋىتىنى

قىلغان شۇ كىشى ئاخىرەتتە رەببىمنىڭ ھۇزۇرىدا پاك بىر كىشى بۇلىشى مۇمكىن . سەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ، ئاغزىڭدىن ئوت يىنىپ سىنى كۆيدۇرىشىدىن قورقمامسەن ؟ غەيۋەت قىلىپ ئادەم گۆشى يىمەكلار بەلكى رەببىم ياراتقان ، ھالال قىلىپ بەرگەن پاكىزە گۆشلەردىن يەڭلار .

ئاللاھىم قەلبىڭلارنى ئېچىۋەتسۇن . ھالال مىھنەت بىلەن پاك يىيىشكە نىسىپ قىلسۇن . ئۆزى رازى بولىدىغان ، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشقا نىسىپ قىلسۇن . ئامىن ........!!!

# ھۆرمەت ۋە ئۆرپ ئادەت

دۇنيادا نەچچە مليارد ئادەملەر بار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلىرى ، خىلمۇ-خىل ئېتىقادلىرى ، ئۆر-ئادەتلىرىگە گەپ-سۆز ، ئىش — ھەرىكەتلىرى بولىدۇ ، ئۆزگىچە تارىخ ۋە مەدەنىيەتلىرى بولىدۇ . بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئۆرپ-ئادىتىمىز ، تارىخىمىز ۋە تىل بايلىقىمىز بولغان . ئەي ئوغۇل ئەتىگەندە بىرسى بىلەن كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»-ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ سالامى سىزگە بولسۇن — سالامەت ، تىنچ — ئامان تۇرۇپسىزمۇ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما .

ھەر ۋاقىت چوڭلارنى ھۆرمەت قىل . كىچىكلەرنى ئىززەتلە . ھەر ۋاقىت يۈز-ئابرويۇڭغا داغ تەككۈزمە . ئۆزۈڭنىڭ ھايات يولىدا داغدام قەدەملىرىڭ بىلەن ھايات سەپىرىڭگە قەدەم تاشلىغىن . بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ياشلىرىمىز ئۆرۈپ-ئادەتكەئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى . مانا ئەتىگەندە يولغا چىقىپتىمىز ، ئەمدى نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كۆرىمىز . بەزىدە ( ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ) دېيىشنىڭ ئورنىغا ، قولنى

خوش ياقمىغاندەك ھە بارمۇ سەن ، يوقاپ كەتتىگەنمۇ گۈينىڭ بالىسى دەپ سەت گەپلەر بىلەن كۆرىشىدۇ . ھەرخىل سەت گەپلەر بىلەن كۈلۈشۈپ ، تىللاپ تۇرۇپ كۆرۈشىدۇ ، بۇ قانداق سالام بىرىش بولدى . بۇ يەردە بىر-بىرىمىزنى ئاگسىز ھايۋانلارغا ئوخشىتىپ مىسالغا ئېلىشنىڭ ھىچ بىر ئەھمىيتى يوق، ئۆز-ئارا ھۆرمىتىمىزنى قىلىشىپ ، ئۆرۈپ ئادىتىمىزنى ساقلاپ قالايلى .

بىراق سىلەر ، ھەي پالانى نەگە كەتتىڭ ، باركەنسەن ھە ، دىگەن سەت سۆزلەر بىلەن كۆرۈشسىلەر ، ئۇنداق كۆرۈشۈشنىڭ نىمە ھاجىتى ، ئۆرۈپ ئادەتتە شۇنداق گەپلەر بارمۇ ؟ ياكى شەرىئەتتە ، ياكى ھەدىستە مۇشۇنداق كۆرۈشۈگلار دىگەن يىرى بارمۇ ؟ ئاغىزىڭلارنى بۇزۇپ تىللىشىپ ئاتا-ئاناڭلارنى ئارىغا ئېلىۋالسىلەر ، خۇددى ئاتا-ئاناڭلار كىلىپ شۇ كىشىنى ئۇرۇپ-تىللاپ بىرىدىغاندەك ، سەت گەپلەرنى دىيىشىپ كىتسىلەر بىر-بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىشىپ ، توۋا دەيمەن سىلەر ھەقىقەتەن شۇ سۆزلەرگە لايىقمۇ ؟ نىمە ئۈچۈن بىكاردىنلا ھاراملىق دىيىشىپ كىتسىلەر ، بۇنىڭ چۇقۇم بىر ئاساسى بارمۇ؟ ياق . ھىچقانداق بىر ئاساسى يوق ، ناۋادا بىرەر جىدەل چىقىپ قالسا ، سوقۇشۇپ قالساڭلار ، بولدى ، ئاتا-ئانا ، ئاكا-ئاچا ، ئۇكا-

سڭىللىرىڭلارنى تارتىپ ئەكىلىپ تىللايسىلەر . خۇددى مۇشۇنداق تىللاشسا پۇخادىن چىقىدىغاندەك ، يەنە تېخى ئاتا-بوۋاڭلارنى سۆرەپ ئەچىقىسىلەر، رەھمەتلىك ياتقان يېرىدە قانچە قۇرۇلغاندۇ . سىلەرئۇنى بىلەلمەيسىلەر . ھەي ، .. يەنە تېخى ئايالىڭلارنى، باللىرىڭلارنى ۋە قېينئانا- قېينئاتاڭلارنىمۇ سۆرەپ چىقىسىلەر . ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئاتا-ئانىسى مۇنداق ، ئايالىم مۇنداق ناچارلىقىدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم دەپ نۇرغۇنلىغان بولمىغۇر گەپلەرنى ئوتتۇرغا سۆرەپ چىقىسىلەر . بىر ئوبدان تىلىمىز بولغاندىن كېيىن ، ئەي قېرىنداشلار ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟

سالامەتلىكىڭىز قانداقراق دەپ ئەھۋاللىشايلى ،

جىدەل-ماجرا قىلمايلى ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ يول قويۇشۇپ ھۆرمەتلىشىپ ئۆتەيلى .

ئۆرۈپ- ئادىتىمىزدە بوۋىللىرىمىز بىزلەرگە كەڭرى ئىشتانلار كەي، كەڭرى كيىملەرنى كەي ، كەڭرى كيىملەر ھەرىكەت قىلىشقا قولايلىق دەپ تەلىم بىرىپ كەلگەن . بىر يىرىڭنى ئۆچۈق قويما دەيدۇ ، بىراق ھازىر ھەممە يەرلەردە يېرىم يالىڭاچ كيىم-كېچەكلەرنى كيىشنى بەك ياخشى كۆرۈسلەر ، بۇ

يالڭاچ يەرلەرگە رەخت يەتمەي قالدىمۇ ؟ ياكى پۇل چىقىش قىلماي ، كالتە كىيىم ئەرزان بولغاچقا شۇنى كەيدىڭلارمۇ ؟ بۇنى ھېچ بىلمىدۇق . ئەسلىدە ئۆرۈپ-ئادەتلىرىمىزدە چىرايلىق ئەتلەس ئۇزۇن كۆينەكلەر ، يارشىملىق بولغان كانۋاي كۆينەكلىرى بار ، شۇلارنى ياراشتۇرۇپ كەيسە نىماندىاق ياخشى، قانچە گۈزەل بولىدۇ ھە .

كەيمەك ئەمەس كىيىك ، ئۆزىڭىزگە خاس بولغان كىيىملەرنى كىيىڭ ، سىز بىر ئوغۇل بالا ئىكەنسىز ، شۇنىڭ لايىقىدا ئىش قىلىڭ . ھەددەىن زىيادە تار كىيىم كېچەكلەرنى كىيۋالسىڭىز ، خۇددى يوغان بىر چېگىت تاغىرىغا سۇلىۋاۋ ئوراپ قويغاندەك تۇرىدىكەن . شۇڭا ئازراق بولسىمۇ كەڭ ئىشتان كىيىڭ جىسمىڭىز سىزدىن خوش بۇلۇپ قالسۇن . شۇ بەدەن ئەزالىرىڭىز  خوش بولۇپ قالسۇن ، راھەتلىنىپ قالسۇن . ئاللاھمۇ ھەم سىزدىن رازى بولسۇن .

بۇرۇنلارنلاردىن ئۆيگە مىھمان كەلسە خوش بۇلاتتى ، مىھمانلارنى چوڭ بىلەتتى ، ھازىر بولسا مىھمان كەلسە ئانچە بەك خوش بولۇپ كەتمەس بولۇپ كەتتى . بۇ ئىقتىسادنىڭ ناچارلىقىمۇ ؟ ياكى ئادەملەردىن بىزار بولغانلىقىمۇ ؟ مىھمان

كەلسە خۇددى دۈشمىنى كەلگەندەك چىرايىڭلار ئۆزگۈرۈپ ھەرخىل بۈلىدىغان بولۇپ قالدى .

ھەي قېرىنداشلار ئۆرۈپ ئادەتنى ئۈنتۇپ قالمايلى بىزنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىمىزدە ، ئاتا-ئانىمىزنى ھۆرمەتلەيدىغان قەدىرلەيدىغان ياخشى ئەخلاقىمىز بار . بالىلىرىمىزنىمۇ سەت تقلىلمايدىغان مىللەت ئىدۇق . بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇلىۋاتىدۇ . ناۋادا بالىڭىز يىقىلىپ چۈشسە ئەجەپ ئوبدان بولدى ، خوپ بوپتۇ ، تازا يىقىلىڭ دەپ بالىلىرىڭىزغا ئەيىپنى قويىدىغان بولدىڭىز . ئەمەلىيەتتە بالىغا ئەيىپ قويماي ، يېنىغا بېرىپ يىغلىماڭ ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ ، دىققەت قىلىپ قاراپ مېڭىڭ دەپ چىرايلىق سۆز قىلىپ ، يەنە مۇشۇنداق ماڭسا يەنە يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقنى ئەسكەرتىپ چىرايلىق نەسىھەت قىلسا نىمە دىگە ياخشى . ھەرگىزمۇ ئۆز پەرزەنتىڭىزگە دۈشمىنىڭىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلدە بولماڭ ، 2 ~3 ياشلىق بالا نىملەرنى بىلىدۇ . توۋا دەيمەن بەزى ئاتا-ئانىلار كوچىدا بالىلىرى خاپا قىلسا ، ھوي پالانچى ، پۇستانچى ،جۇھۇدنىڭ بالىسى ، يىغلاۋىرەمسەن ، قارغىش كەتكەن شۇم، ساڭا بىر نەرسە ئېلىپ بەرمەيمەن دەپ سەت گەپ بىلەن تىللاپ كىتىسلەر . ھەي ئىنسان ئۇ ئىتنىڭ بالىسى

ئەمەس ، بەلكى سىزنىڭ بالىڭىز . ،ئەگەر بىرەر ھايۋاننىڭ بالىسى دىگەن بولسىڭىز ، دەل سىز شۇ ھايۋاننىڭ ئاتا-ئانىسىغۇ ، ئۇ چاغدا سىز نىمە بولۇپ قالسىز .ئەجىبا سىز ئۆزىڭىزنى كۈندە نەچچە رەت تىللاپ سالدىغىنىڭىزنى ئويلاپ يەتتىڭىزمۇ؟ بىز بۇنداق قىلىقسىز گەپلەرنى ئادەت قىلىۋالساق قەتئىي بولمايدۇ .

تۇيۇقسىز ئانىڭىز ئاغرىپ قالسا خوش بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ ، خۇددى سىزنىڭ 100 يىللىق دۈشمىنىڭىز كېسەل بولۇپ قالغاندەك ، ھەجەپ ئوبدان بوپتۇ بۇ قېرىغا ، خوپ بوپتۇ دەپ مازاق ئەتكىڭىز كىلىدۇ . ۋە قاچانمۇ ئۆلە ، ئەسكىلىكىدىن شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ دەيسىز ، ھەي . ئۇ دىگەن سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز ۋە قېينىئاتا ۋە قېينىئانىڭىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭ ، ئاغرىپ قالسىلا قىلچە ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي يوقلاپ كىلىڭ . ھەرگىز غۇدراپ گەپ قىلىپ سالماڭ .

يولدا كىتىۋاتقان ئىككى ياش بىر-بىرسىگە سوقۇلۇپ كەتسە بىر-بىرسىگە قاراپ غادىيىپ خىرىس قىلىپ قويىشىدۇ ، ئەگەر ئىككىسىدىن بىرەرسى ئازراق بوش تۇرۇپ بەرسە بېرىپلا تىللايدۇ . خاپا بولىدۇ ، ئەگەر شۇنىڭ ئورنىغا خاپا بولماڭ دىگەن بولسا ، ھەددىن ئېشىۋالىدۇ ، خۇددى دۇنيادا ئىنسانلار ھەقسىز

ئۇيۇن كۆرۈشنى ئارزۇلاپ تۇرۋاتقاندەكلا . شۇنگدەك تاماشا كۆرۈشنى ئارزۇلاپ تۇرۋاتقانلامۇ ئاز ئەمەس . سىزگە ئويلىمىغان يەردىن ئۇچراپ قىلىشى مۇمكىن .

ئەر-ئاياللارمۇ كوچىدا خېلى سۇقۇشۇپ قۇيىدۇ . ئۆز ئىززەت - ئابرويلىرىنى تۆكۈشۈپ ، بۇنىڭ نىمە پايدىسى . پەقەتلا كىشلەرگە بىر مەيدان ھەقسىز ئۇيۇن قۇيۇپ بەرگەنلىك خالاس . ئەسلى سىز بىر ئەر بولغانكىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىشىڭىز كېرەك ئىدى ، سىز بىر ئايال بولغانكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت گەپ بىلەن تىللاشماي ، يولدىشىڭىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى . كوچىدا ئىت-مۇشۇكتەك سۇقۇشۇپ يۈرگىچە . بۆرۈنقىلاردا ئىككى ياش سۇقۇشۇپ قالسا چىرايلىق گەپ قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ قۇياتتى . ھازىر بولسا قول-قوشتۇرۇپ تاماشا قىلىشىدۇ .

ھەي يىگىت سەن تالاق قىلدىم ، خېتىنى بەردىم دەيسەنيۇ 10 كۈندىن كىيىن بېرىپ شۇ ئايالىڭنى ياندۇرۇپ ئەكىلىۋالسەن . بۇ خۇددى تۆكۈرۈپ قويغان تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغان بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ 3~4 قېتىم تالاق قىلسەن خېتىنى بىرسەن قاچانغىچە توۋا قىلمايسەن . توۋا قىلدىم دەيسەن ئاشۇ ئىشىڭنى يەنە تەكرارلايسەن ، ئەجىبا توۋا قىلىش ساگا

كۆندە 3 ۋاخ دورا يېگەندەك نورمال ئىشقا ئايلىنىپ قالدىمۇ ؟ ئۆز-ئارا ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئائىلە قۇرساڭلار ، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟

قىلساڭ كىشىگە ھەر ۋاقىت ھۆرمەت ۋە ئىززەت ،

تاپارسەن ئەۋزەللىكنى يۇقۇرى مەرتىۋە .

باشقىلارنىڭ ئابرويىغا دەخلى قىلمىساڭ ۋە ھەسەت ،

ھەركىم ساڭا ياخشىلىقتىن راۋا كۆرۈدۇ ھەر مەرتىۋە .

يامانلىقتا ئۆزۈڭ ھەمرا بولۇپ قالساڭ ،

كىشىگە ئۆز-ئۆزۈڭنى دۈشمەن قىلساڭ .

بىر كۈنلەردە ئۆلۈشىڭدىن دۈشمەن چىقۇر ،

كۆزلىرىڭگە قاراپ تۇرۇپ تىللايدىغان .

ئالدىراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتمە ھەي ئىنسان ،

ساڭمۇ كېلىدۇ بىر كۈنلەر يىغلايدىغان .

ئالدىراپ بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ،
بىر كۈن كىلىدۇ ، ھەقتىن ھەم سۆزلەيدىغان .

خەقنى تىللاش دەيدۇ چوڭلار بەك يامان ،
ياخشى ئادەمنى ھەممىدىن ياخشى دەيدىغان .
ھازىرقىلار دەيدىكەن ئالغىن قولۇڭغا پىچاق ، كالتەك ،
سەنمۇ ئۇرساڭ بولمامدۇ ، ئوغۇل بالا دەيدىغان .

چىقىپ ئۇرسا بىراۋنىڭ پۇتلىرىغا ،
ئاقىۋەتتە تۆلەيسىز دوختۇرخانىغا .
ئېغىر بولسا ياردار بولسا بىمارلار ،
بېرىپ قالسىز ئۆزىڭىز تۇرمە-سولاققا .

كىچىككىنە ئاچچىقنى دەپ ئۇرماڭ باشقىنى ،
كۈچلۈك مەن دەپ بوزەك قىلماڭ ھەرگىز ئاجىزنى .

قەستلەپ تۇرۇپ ئۆلتۇرسڭىز ناۋادا بىراۋنى ،

سورىقى بار ئۇ ئالەمدە تېپىپ قالسىز دەۋزەخنى .

ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ كىشىللىرىمىز ناھايىتى ئەمگەكچان ، تىرىشچان خەلق ئىدى . بىراق ھازىرقىلار ھەقىقەتەن تىرىشماي قويىدى . بۇرۇنقىلار ئەمگەكنى سۆيەتتى ، ھازىرقىلار ئەمگەكتىن يىراق قاچىدىغان بولۇپ كەتتى ، ئەسلىدە بىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىمىز ناھايىتى ئەمگەكچان ، ئەمگەككە ئىشتىياقى بار ، باغۇ-بوستان بەرپا قىلىشقائامراق بىر مىللەت ئىدى . تەبىئەتنى، باغۇ-بوستانلىقنى سۆيىدىغان مېۋە-چېۋىلەرنى ياخشى كۆرۈدىغان مىللەت . يەنە ئۆز تۇپرىقىنى سۆيىدىغان ئەمگەك قىلىپ تۇرمىسا زېرىكىپ قالىدىغان بىر خەلق ئىدى . مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تۇپراقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ ، ئويۇن-تاماشا ، دىبا-جىيۇبا دەپلا يۈرىدۇ ،ئويۇنلىرىمىز تەرەققى قىلدى دەپ ، تورخانىلاردا بىشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ، مۇشۇنداق قىلىپ ئۆرۈپ-ئادەتلەرنى ئۇنتۇشۇپ كىلىۋاتىدۇ . ھۆرمەتلەشلەر ئەسلا يوق بولۇپ كەتتى ، ئەسلىدە بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆرۈپ-ئادەتلىرىمىز بار ئىدى . نۇرغۇنلىغان بايلىقلىرىمىز بار .12 مۇقامىمىز، ئەخلاق ، پەزىلەت ،

مۇھەببەت، ئانا-يۇرتقا بولغان سۆيۈنۈش ، تەبىئەتكە بولغان گۈزەللىك شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھمىيتى بار ئىشلار تەسۋىرلەنگەن ۋە يېزىپ قالدۇرۇلغان ، قەشقەر سەنەمى ، ئىلى سەنىمى دەيدۇ ، شۇلاردا ئۆرۈپ-ئادەتلەر ۋە بىزنىڭ تارىخلىرىمىز ئەكس ئەتكەن . ۋە بىرخىل سىھرى كۈچكە تولغان مەدىنيىتىمىزمۇ بار ، لىكىن بۇلارمۇ ئۇنتۇلدى ، «ھۆرمەت» بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىقتۇر . بىر كىشىنى ھۆرمەت قىلساڭ ساۋاپ تاپىسەن ، بىراق ھازىر ياشلار چوڭلارنى كۆرسە تاماكا چېكىپ غادىيىپ تۇرىدىغان ،چوڭلارنى كۆزگە ئىلماستىن قاۋاق-مەيخانىلاردائىچىپ مەس بولۇپ يۈرۈيدىغان ، تەپ-تارتماستىن ئۆزۈمنىڭ ئىشكىنى چەكتىم دەپ باشقىلارنىڭ ئىشكىنى چېكىدىغان ، ھەي ...... ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىمەي ئۆزىچە توي قىلىۋالدىغان ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئىشلار بار . ھەي قېرىنداشلار ، ئۆز-ئارا بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيلى ، قوللايلى . ئۆزىمىزنى تاپتىن چىقىرىپ قويمايلى، ھەددىن زىيادە تارچىلىققا كىرىۋالمايلى ، ئازراق بولسىمۇ كەڭرى كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىمىزگە خاس بولغان يېڭىچە ، يېڭى زامانغا لايىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەيلى ، ھەددىدىن زىيادە ئۇچۇق ، تار بولۇپ كەتسە ، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار زۇلۇم قىلىۋاتسىلەر .

دۇنيانى دىگەن بولسا بىراق تار ،

كۆرمىدىم مەن دۇنيانىڭ تارلىقىنى .

نىمە بولۇپ كەتتى بۇ زامانغا ،ئۇچىسىغا لاتا يەتمەيدۇ ،

ئىشتانلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ ھەممىدىن بەك تار .

ئىشتانلىرىڭنى تار دىسە بىراۋ كىلىپ يىپىنگىغا سىنىڭ ،

ئاچچىقلىڭ بەكمۇ يامان دوستۇم ، ئىچىڭ بەكمۇ تار .

ئۇچۇق يۇرىۋىرەمسەن ھەر زامان مەستانە بولۇپ ،

كۆرىستىپ بەدىنىڭنى قىيامەتتە ھەرجايىدىن ئوت يانار .

ھازىر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى كۆرسە سالام بەرمەيدىغان ئىشلار بار ، بۇرۇنقىلاردا كىملا بولسۇن . يولدا بولسۇن ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسۇن بىرىب كۆرۈشۈپ كىلەتتى ، لىكىن ھازىر ئۇنداق ئىشلار يوقۇلۇش گىرداۋىغا بىرىپ قالدى ۋە ھۆرمەت قىلىشمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، كۆڭلىگە ھىدايەت بەرسۇن ، بىز ئۆزىمىز بىر ئۇيغۇر بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ، ئۆرپ-ئادىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى . چوقۇم ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك . ئەگەر يات بىر مىللەت كېلىپ ، سىلەر قانداق مىللەت ، ئەينى ۋاقىتتا سىلەر قانداق مىللەت ئىدىڭلار دىسە ، جاۋاپ بىرەلمەي قالساڭلار بولمايدۇ . ھەر بىر مىللەتنىڭ ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ ، ھەر بىر ئىرقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تارىخى ، مەدەنىيىتى بولىدۇ ، ۋە تىل بايلىقى بولىدۇ ، سىزمۇ تىل بايلىقىغا ھۆرمەت قىلىڭ ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىڭ ، بۇ ھۆرمەت قىلىشنى بەلكى تارىختىن ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى كىشلەردىن ۋە ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتتىن ئەمەس ، ئۆزىڭىز ھاسىل قىلىسىز . كىشلەرنى ھۆرمەتلەپ سىلىق سۆز بىلەن ، سىلىق مۇئامىلە بىلەن ، تىل بايلىقىڭىز بىلەن ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە قارىتىسىز ھەم ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز .

سىز ئادەتتە چەتئەل-چەتئەل دەيسىز ، چەتئەلگە نىمە ئۈچۈن چىقىسىز ؟! مەسىلەن مىسىرنىڭ نىل دەرياسى بار ، ئەل-ئەھرامىلىرى بار دەيسىز . ھەر ئىرقتىكى كىشلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كىتىسىز ، ھەرخىل ھايۋاناتلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ

يۇرىسىز ، ئامرىكىنىڭ ، تۇركىيەنىڭ ھەرخىل بىنا-ئىمارەتلىرىگە ، مەدىنىيەتلىرىگە ئاشىق بولۇپ يۇرىسىز ، ئەجىبا سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزنىڭ ئاشىق بولغۇدەك يەرلىرى يوقمۇ ؟ ئەلۋەتتە بار . سەدىچىن سېپىلى جۇڭگۇدىكى تۆت چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى ، ئويلاپ بېقىڭ تۇرپان كارىزى بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ؟ تۇرپان كارىزىمۇ دۇنيادىكى 4 چوڭ قەدىمى يادىكارلىقنىڭ بىرىغۇ ؟ ! ئاشۇ كارىزنى ، مىڭ ئۆيلەرنى جاپاكەش دېھقانلىرىمىز كولاپ پۈتۈرگەنغۇ ، دۇنيادىكى كىشلەرنى ھەيران قالدۇرغان تەكلىماكان قۇملۇقى بار ئەمەسمۇ ؟ ئۆزۈڭلارنىڭ دۆلىتىدە نۇرغۇنلىغان بايلىقلار بار ، باغراش كۆللىرى ، سايرام كۆلى ۋە قاناس كۆلى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەبئىي بايلىقلار بار ، ئۇنىڭ ئىچىدە سايرام كۆلىنىڭ ئېچىلمىغان ، ئالىملار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان بىر سىرلىق سىرى بار . ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريا-ئۆستەڭلىرى ، تاغ-داۋانلىرى ، ئىگىز چوققىلىرى بار .

ياپ-يېشىل مەنزىلگاھلىرى بار ، ۋەتىنىڭىزدە دۇنيادىكى ھەر-قايسى رايۇنلاردا تېپىلمايدىغان 4 چوڭ ھاۋا رايىنى كۆرەلەيسىز ، ياز پەسلى ، كۈز پەسلى ، قىش پەسلى ، ئەتىياز پەسلى قاتارلىقلار . سىز دۆلىتىڭىزدە قىش ئۆتكۈزۈڭ ياكى ياز

ئۆتكۈزۈك ، سىز ياقتۇرىدىغان مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا رايونلىرىنى تاپالايسىز . سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئانا يۇرتىڭىز ، ئانا ۋەتىنىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ، مەدىنىيىتى ، تارىخىڭىز بىلەن ، چىرايلىق تىل بايلىقىڭىز بىلەن ، تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىسىز . بىر چەتەللىك ئۇيغۇرچە بىلىدىكەنتۇق ، ئۇ يولدا كىتىۋاتسا ئىككى ئادەم يەنى ئىككى ئۇيغۇر تىللىشىپ تۇرۇپ سالام بېرىشىپتۇ ، چەتئەللىك دەپتۇ : ئەسلىدە ئۇيغۇر دىگەن مۇشۇنداق تىللىشىپ تۇرۇپ سالام بىرىشىدىغان مىللەت ئوخشايدۇ دەپ . سىز باشقا چەتئەللىكلەرگە ئوخشاش چىرايلىق كىيىنىپ ، ياخشى ياشىسىڭىزمۇ سىزنىڭ تىل بايلىقىڭىز ياخشى بولمىسا بىكادۇر . سىلەر ھەر قېتىم كورىيە فىلىمىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ سالام بىرىشى بەك ياخشى ، بايراملىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادەت كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ ، سالام بىرىشلىرى بەك ئەدەپلىك ، بەك مۇلايىم ، بەك سىلىق دەيسىلەر، تۈركىيەلىكلەر سالام بەرسە قولىغا سۆيۈپ قويىدىكەن دەيسىلەر، سالامنى چوڭ بىرىدىكەن دەيسىلەر ، ئەمەلىيەتتە سىلەرمۇ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ بىر-بىرىڭلارغا چىرايلىق سالام بىرىپ ، ئۆز-ئارا يول قويۇشساڭلار ، بىر- بىرىڭلارغا مىھرىبان بولساڭلار ، شۇ چەتئەللىكلەردىن كەلگەن مىھمانلارنىمۇ ، بۇ مىللەت ھەقىقەتەن ياخشى مىللەت ئىكەن ،

بۇلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىپ ، ئۆز-ئارا سودا ئىشلىرىدا تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرسا بولىدىكەن دىگەن ئويلارغا كەلتۈرەلەيسىلەر .

ئەگەر سىز خالىغان يېرىڭىزگە تۈكۈرۈپ ، مەس بۇلۇپ ، سىيىپ يۈرسىڭىز ، ئۇ چاغدا مەلۇم بىر مەينەت كىشلەرنىڭ تۈپەيلىدىن باشقىلارمۇ بىر تاياقتا ھەيدىلىپ قالىدۇ . لىكىن ھەممە ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئەمەس ، نۇرغۇنلىغان پەزىلەتلىك كىشلەر بار ، ئابرويلۇق ، ئىززەت-ئىكراملىق كىشلەر ھەم بار ، ئويلاپ بېقىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز بىزگە پەند-نەسىھەت قىلىپ ، ھۆرمەت توغۇرلۇق ئىسىل ھىكمەتلەرنى قالدۇرغان . مەھمۇد قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەلشىر نەۋائى قاتارلىق كاتتا ئالىملىرىمىز بىزگە نۇرغۇنلىغان ياخشى سۆز-ھىكمەتلىرىنى قالدۇرغان . شۇ ئالىملىرىمىز دىگەندەك بۈگۈنكى كۈندە ، ھۆرمەتسىزلىك ، ئىتائەتسىزلىك ھەقىقەتەن كۆپ بۇلىۋاتىدۇ . ئۇلار ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىپتىكەن . مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا قالدۇرغان شۇ ئەسەرلىرى ، شۇ نەسىھەتلىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاشكارلىنىپ چىقىۋاتىدۇ .

بۈگۈنكى كۈندە شۇ ۋەز-نەسىھەتلەر سىلەرگە ياردەم بىرىپ كىلىۋاتىدۇ ، لىكىن سىلەر شۇنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ، چۈشۈنۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا قىلغۇلۇقىڭلارنى قىلىۋاتىسىلەر . ، مانا مەھمۇد

قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەز-نەسىھەت ، ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، ئىززەت-ئىكراملىق بالا بۇلۇش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان، شۇڭا ھەممە ئادەم بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەي ، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ياخشى كۆرەي دىسە ، ياخشى كۆرۈشنى ئاۋال ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە يېقىن دوست-بۇرادەرلىرىدىن باشلىشى كېرەك . باشقىلارنى ھۆرمەتلىسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتىڭىز ، مەدەنىيەت-تەرەققىياتىڭىز ۋە سىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىڭىزدىكى پايدىلىق قوراللىڭىز بۇلۇپ قالىدۇ ، تىل بايلىقىڭىزنى مول قىلىڭ . تىلىڭىز چىرايلىق سۆز قىلغانىغا خوراپ كەتمەيدۇ ، بەلكى باشقىلارنى تىللاپ قارغىش بۇلۇپ كەتكەن تىللار ، ۋاقتى كەلگەندە كېكەچلىنىپ گەپمۇ چىقماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

ئەي ئىنسان ياخشى سۆزنى سەن بىل ،

ياخشى سۆزگە شىرىك بولسۇن تىل .

ۋاقتى كەلسە خەقمۇ سىنى ماختايدۇ ،

ياخشى سۆز بولسۇن قەلبىڭدە بىل .

قەدرلە ئۆزۈڭنىڭ ھاياتنى ئەي دوستۇم ،

ئۆتۈپ كىتىدۇ كۈن ، ئاي ۋە يىل.

باشقىلارغا سىلىق سۆزدە بولغىن ئەي دوستۇم ،

سىلىق سۆزگە ھەمراھ دوستلار ئۈنى بىل .

تىل بايلىقنى ، ھۆرمەتلەش ، ئىززەتلەش ، سىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىڭىز ، مەيلى چەت دۆلەتلەردە بولسۇن ۋە خوشنىڭىز بولسۇن ، سىز ئۈنىڭغا ئەڭ ياخشى تەسىر قالدۇرالايسىز ۋە سىز ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشەلەيسىز .

# ئىلىم مەرىپەت

ئىلىم ھەقىقەتەن تۈگىمەس بىر بۇلاققا ئوخشايدۇ ، سەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان ئىلىمگە ، نەسىھەتكە ، پەزىلەتكە ئېرىشەلەيسەن . ئۇ ئازلاپ كەتمەيدىغان بىر خەزىنىدۇر ، بىلىڭكى سىز ھەيدەۋاتقان ماشىنا ، سېلىۋاتقان ئۆيۈڭ ياكى سىنىڭ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانىڭ ، ھەممىسى ئىلىمدىن ئايرىلالمايدۇ ، ئۇ سىنى نۇرغۇنلىغان مەرىپەت يوللىرىغا باشلايدۇ ۋە شان-شۆھرەتكە ، ئۇتۇق قازىنىشقا، ياخشى يوللارغا باشلايدۇ .

ئىلىمسىزلىك ھەققەتەن بىر ئەخمەقلىق ، ئىلىمسىز كىشى ئەقىللىق بولالماس ، ئىلىم-مەرىپەت نەدىن كەلگەن ؟ ! ئۇ چوڭ ئالىملىرىمىزدىن دانا،ئاقىل كىشىلىرىمىزنىڭ ئەقىل پاراستىدىن كەلگەن ، بەلكى ئۆزى كىلىپ قالغىنى يوق ، مېھرىبان ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە رەھىم قىلىش يۈزىسىدىن ئىنئام قىلغاندۇر . بەلكى شۇنداق دانىشمەن ئالىملىرىمىز ئەقىل-پاراستى بىلەن سىلەرگە بىلىم ئېھتىياجىنى ۋە قەلبىڭلار تەشنا بولغان ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ كەلدى . ئەلۋەتتە ھازىر ئۆگىنىۋاتقان ئىلىم-پەن بىلىم بۇلىقى ، ئىلىم پەننى چوڭلاردىن

ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە ، چۈنكى شۇ ھەممىسى دانىشمەن ئاقىل كىشىلىرىمىزنىڭ تۆھپىسىدۇر ، بەزىلەر ئىلىمنى بانا قىلىپ ئويۇنايدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپتۇر . ئىلىمنى خار قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . ئاتا-ئانىسى ئىلىم ئۆگەن ، ئىلىم ئۆگەن دەپ مەكتەپكە باشلايدۇ- يۇ ، بىراق ئاقىۋەتتە ئاتا-ئانىسى بەرگەن پۇلنى خەجلەپ چاچىدۇ ، ئىلىم ئۆگىنىشكە تەشنا مەن دەپ تۇرىدۇ ، لېكىن دەرىسخانىلاردا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ، مەسئۇلىيەتسىز قىلىپ ، دەلتىلەرچە دەرس ئاڭلايدۇ . بۇنداق ئىلىم ئۆگىنىش قانداقمۇ ؟...... ھەي ....شۇ جاپاكەش ئۇستازلارنىڭ قان تەر بەدىلىگە كەلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئەسلا ئاڭلىمايدۇ .

ئاتا-ئانا بولغۇچى تۆت كۆزى بىلەن ساقلاپ ، بالام ئىلىم ئېلىۋاتىدۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياخشى ئادەم بولىدۇ . بىزلەرگە ، يۇرتىمىزغا شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ . بىر كۈنلەردە ئۈمۈدىمىزنى ئاقلاپ ، پەرزەنتلەرگە ياخشى سۆز ، ياخشى تەربىيەلەرنى بېرىدۇ دەيدۇ . بىراق سىلەر ھازىر ئىلىمنى يانچۇقۇڭلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆگىنىۋاتىسىلەر . ھېچبىر پايدا ۋە مېھنىتىنى قىلمايۋاتىسىلەر . قەدرىنى ئەسلا بىلمەيۋاتىسىلەر . ئىلىمسىز يۇرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ناھايىتى

كۆپتۇر . قارغۇلارچە ئىش قىلىدىغان ، تەۋەككۇل قىلىدىغان ، ھەر ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىدىغان ، مىنىڭ ھەق دەپ بىلىدىغان ، بەزىبىر بىلەرمەن كىشىلىرىمىزمۇ ھەم بار . تەۋەككۇل قىلماك ئەمەس قىلىك . سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشەنچى يەتكەن ، چۇقۇم تەدبىرىڭىزگە مايىل بولغان ، باشقىلارغا لايىق بولغان سۆزلىرىڭىز بىلەن ، ئىلىم-بىلىملىرىڭىز بىلەن تەۋەككۇل قىلىڭ . ھېچقانداق بىر تەييارلىقسىز سەپەرگە چىققاندەك ھەرگىزمۇ ئالدىراپ ئىلىمسىز بىر ئىشنىڭ پىشنى تۇتماڭ . ئۇ چاغدا سىزگە ھېچقانداق بىر پايدا يوقتۇر . ئىلىم ئۇ شۇنچىلىك پاكىزدۇر . شۇنچىلىك مىھنىتى باردۇر . سەن ئىلىم ئۆگەنسەڭ پايدىسى بولسا بولىدىكىن ھېچبىر زىيىنى يوقتۇر . ئۆيۈڭدە كەتمەن چاپ دىسە ئېغىر كەلمەيدۇ يۇ ھېچقانداق كۈچ كەتمەيدىغان ئىلىمنى ئۆگىنىش شۇنچە ئېغىر كىلەمدۇ ؟سىزنىڭ كۈندىن — كۈنگە بىر مەدىكار بولغىڭىز بارمۇ ياكى ئىلىم ئۆگۈنۈپ ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ باشقا كىشىلەرگىمۇ ، پەرزەنتلەرگىمۇ ياخشى بىر تەلىم —تەربىيە قالدۇرغىڭىز بارمۇ ؟

دۇنيادا دېھقانسىز ياشىغىلى بولماس . دېھقانچىلىقنىڭمۇ ئۆزى بىر ئىلىمدۇر . ئەگەر سىز دىقانچىلىق قىلىمەن دىسىڭىز چۇقۇم دېھقانچىلىققا كىتىدىغان ھۈنەرلەر ۋە ماتىرىياللارنى بىلىشىڭىز

كىرەك . ئەگەر بۇلارنى بىلمىسىڭىز تېرىغان يېرىڭىزدىن زىرائەت چىقماستىن بەلكى ئوت-چۆپ چىقىشى مۇمكىن . يەنىلا بۇنىڭغا شۇ ئەقىل — ئىدراك ، ئىلىم كېتىدۇ . ئۇقىيالمايۋاتقان ، ئىلىم ئالالمايۋاتقان نۇرغۇنلىغان ياش غۇنچىلار بار .ئەگەر سىز ئىلىم ئۆگىنەلمەيمەن دىسىڭىز شۇ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىڭ . شۇلار بولسىمۇ ئىلىم ئالسۇن . ئۇلار ئىلىمغا ھەقىقەتەن تەشنادۇر . كېچە — كۈندۈز ئوقۇسامكەن ، ئىزدەنسەمكەن دەپ يۈرىكى ئېچىشىدىغان ئىلىمغا ئىشقى بار ، مېھرى بار كىشىلەردۇر . ئاللاھقا سېغىنىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. بىراق ئۇلارغا ئوقۇشقا نە ئىلاج . يەنە بەزى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلاردىن ئوقۇيالمايۋاتقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ . ئۇلار ئۆز يانچۇقلىرىغا ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئەقىل — ئىدراكىغا ئوقۇيدۇ . ئىلىمنى كۆپ ئالسام ، ئوقۇتقۇچى بولسام ، مائاش ئالسام، پۇل تاپسام ، توي قىلسام ، ئۇنى قىلسام بۇنى قىلسام دەپ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزىگە بىر ۋاستە قىلىۋالىدۇ . ئىلىمسىزلىك، بىلىمسىزلىك ھەقىقەتەن بىر نۇمۇس ئىشتۇر . ئەگەر ھەقىقى ئىلىملىك ئادەم بولغان بولسا ئاق — قارىنى ئايرىيالايدۇ . ۋە ئۆزىنىڭ نىمىلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى قايسى پەزىلەتلەرنى ، قايسى خىل دەرسلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ، ئۆگەنگەنلىرىنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى چۇقۇم ئۆزى بىلەلەيدۇ . بىزنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىتابىمىز قۇرئان

كەرىمدۇر. ئۇنىڭدا مىڭلىغان ، ملىيۇنلىغان ھىكمەتلەر ۋە ئىلىم — پەزىلەتلەر يۇشۇرۇنغاندۇر . شۇڭلاشقا بىز كىتابىمىزنى قەدىرلەيلى .

رۇس قىلىپ تۇتساڭ ئەگەر يار ساڭا بىلىم ،

ياردەم ، ھەم نەپەستە بولار ساڭا بىر ئىلىم .

ئىلىم —ئىرپانغا دوست بولساڭ ئەقلىڭ ئاشار ،

رەببىم ئىجابەت قىلغان ئىلىمدىن مەرىپەت ئىزدىگىن .

بىلىم ساڭا تەجرىبە توپلايدۇ ھەقىقەتتىن بىر كامال ،

بىلىمسىزلەر ھەر كىشى تاپسا ئەگەر بىر ئامال .

رەببىم سۆزلىرى كىتاپتىن دۇردانىدۇر ھەر زامان ،

ئىنسانغا ئۈمۈد بېغىشلىغان شۇ كىتاپتۇر ھەر زامان .

كىتاپنى دوست تۇتقىن سەن ئۆزۈڭگە ھەر زامان ،

رەببىمدىن ۋەھى كەلگەن شۇ كىتاپلار بىر پەرمان .

كىتاپتىن ئىلىم-بىلىم ، ئەخلاق-پەزىلەت قىلساڭ مەشغۇل .

سەبىر-تاقەتتىن ساڭا ئىتائەت بىرەر ھەر ۋاقىت شۇ زامان .

ئىلىم يولىدا ياش تۆككىن ئىزدىنىپ ھەر ۋاق ،
رەببىم ئىشقى-پىراقىدا بولغىن سەن سەرسان .
ھەرۋاقىت ئەلگە دۇئايىڭ بولسۇن شىجائەت ،
رەببىم سىنى قىلغۇسى ھەر ۋاقىت ئامان .

دوست بولمىسۇن ساڭا نەپرەت ،
قىلغىن دوستلۇقنى سەن ئۆزۈڭگە ھىدايەت .
ئىسانغا قىلغىن سەن مىھرى-شەپقەت ،
رەببىم بىزلەرگە بەرگەن مىھرى-مۇھاببەت .

دۇنيادا كىشىگە بىر ئىغىز نەپرەت ،
ئۇنىڭدىن قالسا بولدى بىر ھەسەت .
ئۇنىڭ خوشاللىق گەۋدىسى بىر مۇۋە ،
ئاخىرى ئىمانلىق ، پەزىلەتلىك بىر پەرزەنت .

# ئانا تىلىم - ئانامنىڭ سۆزى

ئىنسان تۇغۇلىدىكەن ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىكەن . چوڭ بولۇپ ئۇ نۇرغۇنلىغان تىل داستانلارنى ئۆگىنىدىكەن ، ئانا تىلىمىز- ئۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئەللەي ناخشا ئېيتىۋاتقان شۇ ياڭراق بىزنىڭ ئانا تىلىمىز . شۇ دەۋردانە، مەرۋايىتتەك ئانا تىلىمىزنىڭ ھەربىرلىرى ئۈنچە مەرۋايىتتەك تىزىلغان ئىدى . شۇ يېزىقلار ئارقىلىق بىز نۇرغۇنلىغان داستان ، رومان ، تارىخ ۋە مەدەنىيەتلەرنى قالدۇرالىدۇق ، ئانا تىلىمىزنى بىز قوغدىشىمىز كېرەك . ئانا تىل ھەقىقەتەن بىر مىللەتنىڭ قورالىدۇر . بىز يىغلىغان ۋاقىتلاردا شۇ ئېيتىپ بەرگەن ناخشىلار ، ھىكايە رومانلار ، شۇ بىزنىڭ تىلىمىزدىن چىققان بايلىقلاردۇر . ئانا تىلىڭىزنى قەدىرلەڭ ۋە ھۆرمەتلەڭ ، شۇ تىلىمىز بولغاچقا بىز ئەركىن ھالدا سۆھبەتلىشەلەيدىغان ، نورمال سودا ئالاقە قىلالايدىغان ۋە ئۆز-ئارا دەرت تۆكەلەيدىغان ، سىرداش بولالايدىغان ، مۇڭداش بولالايدىغان ،نۇرغۇنلىغان ياخشى دوستلار بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان بولدۇق . قىسقىچە ئېلىپ ئېيتساق ھازىرقى ئەسەر يېزىش ، ئاخبارات ،تېلفۇن ۋە ياكى ئۇچۇرلار بىلەنلا بولۇپ كىتىپ ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىمەيۋاتىمىز.ئانا تىلنى قەدىرلىمەسلىك خۇددى ئانىمىزنى

يات كۆرگەنلىك ۋە ھاقارەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر . شۇ ئانا تىلنى ئۆگەندۇق . ئانا تىلنى ياخشى يەرگە ئىشلىتىش ، توغرا ئۇسۇلدا ئىشلىتىش بىزگە ۋە باشقىلارغىمۇ مەجبۇرىيەتتۇر . بىراق بىز ئانا تىل بىلەن سەتلىشىپ تىللىشىش ، مەينەت گەپ بىلەن ھاقارەت قىلىش ، بوھتان چاپلاشلارنى قىلىۋاتىمىز . ئەجىبا رەببىم بەرگەن شۇ چىرايلىق تىلنى ياخشى يەرگە ئىشلەتمەي مۇشۇنداق سەت تىللارغا ئىشلەتمەكچىمۇ ؟ ئەجەبا بۇنىڭ بىر ئاساسى بارمۇ ياكى چۇقۇم ھاقارەتلىك سەت گەپ قىلىش سىزگە ئادەت بۇلۇپ قالدىمۇ ؟

ئانا تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىڭلىغان يېزىقلىرى بولىدۇ . ھەممە ھۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئانا تىلى بار ۋە دۆلەت تىللىرى بار . ئانا تىلدا ھەرخىل يېزىقلار بولىدۇ . يېزىقلارنى ھۆرمەتلىمەستىن بەلكى يەرگە تاشلايدىغان ، چۆرۈيدىغان ، ئاقىۋەتتە ھاجەتخانىغا ئاپىرىپ قويىدىغانلارمۇ بار . ئەجەبا يېنىڭىزدىن 3 يۈەن پۇل چىقمىدىمۇ ؟ھاجەتخانىغا قەغەز ئېلىپ قويۇپ قويسىڭىز بولاتتىغۇ ؟ سىز شۇ خەتلەرنى خەنزۇچە ياكى ئىنگلىزچە دېيىشىڭىز مۇمكىن . لېكىن شۇنىڭ ئىچىدە «ا» ئەلىف ھەرپى يوق ئەمەس ئەلۋەتتە بار . دىمەك بۇ رەببىڭىزنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا كۆرگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ ھەي ئىنسانلار !

ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلماڭلار . بىر تال سىزىق ئەلىفنىڭ ئۆزى يىگانە ، يالغۇز رەببىمنىڭ سىمۋولىدۇر . يېزىق — خەتلىرى بار قەغەزلەرنى ھەرگىزمۇ ھاجەتخانىغا قويماڭ ۋە كېرەكسىز ئورۇنلارغا ئىشلەتمەڭ . رەببىم ھەم باشقىلار سىزدىن رازى بولسۇن . بەزىدە ئايەتلەرگە دەسسەيدىغان ئىشلارمۇ ھەم كۆرۈلۈۋاتىدۇ . مەسىلەن : ساياھەت ئورۇنلىرىدىكى ئات ھارۋىسىنىڭ ئاستى ، يان تەرەپلىرىگە رەببىمنىڭ ئىسمىلىرى ، ئايەتلىرىنى يېزىپ ئۇستىدە ئولتۇرىدۇ . بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن ھەم كۆردۇق . ئىسىڭىزدە بولسۇنكى « بسم الله الرحمن الرحيم » دىگەن ئايەتكە دەسسىسىڭىز ياكى ئۇستىدە ئولتۇرسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇ ئايەت ناھايتى پاكتۇر ، قىممەتلىكتۇر ، قەدىرلىكتۇر ئۇلۇغدۇر . رەببىم ئۆز قولى بىلەن يازغاندۇر . رەببىمنىڭ سۆزىدۇر . سىز « بسم الله الرحمن الرحيم » دەپ خالىغانچە دەسسەيدىغان ، ئاياق ئاستى قىلىدىغان ئۇ ھارام نەرسە ئەمەستۇر ۋە ياكى يەيدىغان تائام ئەمەستۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئايەتلەرگە پۇتۇم قاراپ قالمىسۇن دەپ كېچىلىرى پۇتىنى بىر ئورەككە سولىۋېلىپ ياتاتتى . بىراق سىلەرچۇ ؟ سىلەر يېزىقلارنى دەسسىدىڭلار ، خار قىلدىڭلار . ئاقىۋەتتە ھاجەتخانىغا ئاپىرىپ پوق-سۈيدۈككە ئىشلەتتىڭلار . ئاللاھتىن قورقۇڭلار ئەي بەندىلەر . « بسم الله الرحمن الرحيم »

دەپ دەسسەۋەرسەم بولىدۇ ، ئاللاھ منى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار . ئۇ دۇنيادا ھەر بىر ئايەتنىڭ سىلەرگە دەيدىغان ئەرزلىرى كۆپ بولىدۇ . بىر ئايەتنىڭ مالائىكىلىرى بولغاندەك ھەر بىر ھەرپىنىڭمۇ پەرىشتىلىرى بولىدۇ ئەلۋەتتە .

باشقىلار شۇنداق قىلىدىكەن مەنمۇ قىلىمەن دىمەڭ . ئەجەبا باشقىلار پوقنى يىسە سىزنىڭمۇ چۇقۇم يىيىشىڭىز شەرتمۇ ؟ باشقىلار ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولسا سىزنىڭمۇ ئۆلتۈرىۋېلىشىڭىز شەرتمۇ ؟ باشقىلار ھاراق ئىچىپ قۇسۇپ يۈرگەن بولسا سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭىز شەرتمۇ ؟ نىمىشقا ئانا تىلنى ھۆرمەتلەيدىغان ، سىلىق-سىپايە سۆز قىلىدىغان كىشىلەردىن ئۆگەنمەيسىز ؟ ئۇلار خەتلىرىنى ، سۆزلىرىنى ، ھىكمەتلىرىنى ناھايتى ئەزىز بىلىدىغۇ . ئەجەبا ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭالمامسىز ؟ بىر پەزىلەتلىك ، ئىلىم-مەرىپەتكە قىزىققان ، ئانا تىلغا ھېرىسمەن ، ئانا تىلنى قوللايدىغان ، قوغدايدىغان ئادەم بۇلالمامسىز ؟ ئانا تىل سىزگە ھەمراھ بولدى . شۇ ئانا تىل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان خەتلەرنى يېزىپ چىقتىڭىز . رەببىڭىزگە سۆز قىلالىدىڭىز . قېرىنداشلىرىڭىزغا ياخشى سۆز ، نەسىھەت ، تەۋسىيەلەرنى قالدۇرالىدىڭىز . ئانا تىلىڭىز ئۇ بىباھا گۆھەردۇر . ئۇنى قەدىرلەڭ . مەيلى سىز قايسى مىللەتتىن ، قايسى ئىرقتىن

ۋە ياكى قايسى ئېتىقاتتىن بولۇك ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىنى قوغدىشىڭىز ۋە قوللىشىڭىز كېرەك . بىر ئادەمنىڭ ئانا تىلىدا مەينەت سۆزلەر ئېقىپ يۈرسە ياكى ئۇ كىشىنىڭ تارىخى شۇنداق بولسا باشقىلارغا بۇ چۇقۇم بىر ناچار مىللەت ياكى بۇ مىللەت ئەسلى ۋەسلىدە شۇنداق ئوخشايدۇ دىگەن قاراشقا ئەكىلىپ قويىسىز . ئانا تىل ئارقىلىق سىز ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنەلەيسىز . ئانا تىل ھۆرمەت ، پەزىلەتنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاچقۇچتۇر . ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تىللىرى بولىدۇ . مەدىنىيىتى بولىدۇ . ھەم جاراڭلىق ، مەنىلىك ھىكمەتلىك سۆزلىرى ، رومانلىرى بولىدۇ . شۇنى ئانا تىل ئارقىلىق تومتوم داستان ۋە رومان قىلىپ قالدۇرالىدىڭىز . ۋە يەنە شۇ ئانا تىل ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىدىكى داستان ، رومانلارنىمۇ يېزىپ قالدۇرالىدىڭىز . رەببىمنىڭ سىزگە بەرگەن تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى ھۆرمەت قىلىڭ . شۇ ئېغىزنى ،تىلنى بەرگەن رەببىڭىزگە شۈكرى ، رەھمەتلەر ھەم ئېيتىڭ . ئېغىزىڭىز يالغۇز تاماق يىيىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس . بەلكى ياخشى سۆز ، ياخشى دۇئا تىلاۋەتلەرنى قىلىشىڭىز ئۈچۈنمۇ يارىتىلغان . سىز نامازنى ھەركىتىڭز بىلەنلا ئوقۇپ قويىدىغانىغا سىز گاس-گاچا ئەمەس . گاس-گاچىلارنىمۇ رەببىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېغىزلاندۇرىدۇ . ئۇلارنىڭمۇ ئېغىزى ئېچىلىدۇ . رەببىم ياراتقان شۇ تىللار بىلەن

ياخشى ، چىرايلىق ، سىلىق-سىپايە سۆزلەرنى قىلىڭلار . كۇفرى ، جوھوتلۇق كىلىدىغان مەينەت ، سەت سۆزلەرنى قىلماڭلار . ھەرقانداق بىر مىللەتتىكى ۋە ياكى قايسى ئىرقتىكى كىشىلەر بولسۇن ئۇلارغا ياخشى سۆز ، ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىڭلار . يامان سۆز ، قالاق ئىدىيەدىن يىراق تۇرۇڭلار . چۈنكى بۇ ئۆزەڭلارنىڭ ئانا تىلىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر ، ھاقارەتتۇر . ئانا تىلىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ئانا تۇپرىقىمىزغا، قىرىنداشلىرىمىزغا ھەم كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىرىمىزغا بولغان بىر ھاقارەتتۇر .

ئىلىم —مەرىپەتكە تەشنا ئىنسان كامال تاپار ،

ئانا تىلىغا ھەمراھ بولغان ئىنسان ئاق يول تاپار .

ئانا تىلىڭدا چىققان تىللىرىڭ بولسا سىنىڭ ،

تۇنجى قېتىم ئانا دەپ چىققان بۇ سىنىڭ تىلىڭ .

ئانا تىلىڭ جان تىلىڭ بۇ سىنىڭ تىلىڭ ،

ئانا سۆزلىرى ئەي ئوماق بالام بۇنى بىلىڭ .

دادا دىگەن تىللىرىڭدا داستان بولۇپ گۈللەر ئېچىلار ،

ئاشىق بولغان ئاتا-ئاناڭ داستاندا سىنىڭ .

سۆزلەشلىرىڭ بەك ئوماق سۈيۈملۈك ئەي قوزام ،
كىچىك ۋاختىڭ سەبى ، ئاپئاق قار كەبى جان قوزام .
تاتلىقلارنى ئاتىشىڭ سەرخىل ئۇسلۇپ ھەر تىلدا ،
سۈيۈندۈرۈپ ئاپاڭنى ئانا تىلىڭ ئاي قوزام .

تىرىككەندە خۇيلىرىڭ سۆزلەپ كىتسەن جاق — جاق ،
چۈشىنەلمەس ھىچ كىشى ئانا تىلىڭ بولمىسا بەك چاتاق .
شۇ تىللىرىڭ بەكمۇ ئوماق قەدىرلىسەڭ ئۆز تىلىڭنى ،
ئانا تىلىڭ ئاناڭنىڭ سۆزى بۇنى بىلمىسەڭ بەك چاتاق .

قەدرىنى قىل ئانا تىلىڭنىڭ ھەر ۋاقىت ،
ئۇ ساڭا يول كۆرسەتتى تىلىڭنى ئۆتكۈر قىلىپ .
ئۇلۇغ بىل ئانا تىلىڭنى ھۆرمەتلە ھەر چاغ ،
ئۇ ساڭا كۈچ بەرگەن ئىدى گاچا قىلماي تىلىڭنى .

ياراشقان شۇ چىرايلىق تىللىرىڭدا شىرىن سۆزلۈك بولغىن ،
سىلىق سۆزنى ھەمراھ قىلىپ ھەر كىشىگە ئىللىق بولغىن .
مەينەت سۆزدىن يىراق بولسۇن ئانا تىلىڭ تاتلىق تىلىڭ ،
سىلىق سۆزدە ، نەسىھەتتە ئۈلگە شەپقەتچى بولغىن .

سۆزلىرىڭ بولسۇن رىتىملىق ،
ئاز ، ساز بولسۇن قېتىملىق .
ئاچچىقى يامان كىشى كەلسە قېشىڭغا ،
سۆزلىرىڭ بولسۇن ھەر چاغ يېقىملىق .

سۇيۇملۇك ئوقۇرمەن مەيلى سىز ئەرەپ بولۇڭ ، ئىنگلىز بولۇڭ ، روس بولۇڭ ۋە ياكى دۇنيا يۈزىدىكى قايسى بىر مىللەتتىن بولۇڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىغا ھۆرمەت قىلىڭ . ئانا تىلنى ھۆرمەتلەش ، قەدىرلەش بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس بەلكى ھەر بىر مىللەت ھەر بىر شەخسنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر .

# ۋەتەنپەرۋەرلىك

مەيلى سەن قايسى بىر دۆلەتتە تۇغۇلغىن ، ئۇ يەر سىنىڭ كىندىك قېنىڭ تۆكۆلگەن ماكان بولىدۇ ، سەن ئۇ يەردە خالىغانچە ئەركىن يايراپ يۈرەلەيسەن ۋە غېمىڭ يوق قورسىقىڭ توق يۈرەلەيسەن ، ئانا يۇرتۆڭغا ۋە كىندىك قېنىڭ تۆكۆلگەن زىمىنغا باشقىچە مىهرىڭ بۇلىدۇ .

ئانا يۇرتتىن يۈز ئۆرۈش ياخشى ئىش ئەمەس، مەيلى سەن ياشاۋاتقان ئۇرۇندا قانداق ياشىغىن مەيلى قوشنا ئارا زۇلۇمدا قالغىن ۋە ياكى قېرىنداشلىرىڭ ئاستىدا زۇلۇمدا قالغىن ، سەن يەنىلا ياشاپ كىتىۋىرىسەن ، سەن ئۇ يەردە تۇغۇلدۇڭ ،تۇنجى قېتىم چۆشكەن زىمىن سىنىڭ ئانا يۇرتۇڭ بۇلىدۇ .

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگى روھىڭ سامان بولماس  ئەگەر ياشاۋاتقان تۇپرىقىڭغا بىرەر كىلىشمەسلىك كەلسە ، قېرىنداشلىرىڭغا تەڭ كېلىشى مۇمكىن ، ئۆز ۋەتىنىڭنى ، تۇپرىقىڭنى ئاسرا .

ۋەتەنپەرۋەرلىك سىنىڭ قەلبىڭدە بولغان ، ھىس تۇيغۇلىرىڭدە بولغان يۇرتۇڭغا بولغان بىر سېغىنىشتۇر، سەن ھەر بىر قېتىم

باللىق ۋاقىتلىرىڭنى ئويلىغىنىڭدا ، ۋەتەندە ئۆتكەن شۇ خوشال كۈنلىرىڭ ، باللىقتا ئۆتكەن خوشال ۋاقىتلىرىڭ ، سەن قانماي-قانماي سۇ ئۈزۈپ كەتكەن شۇ ئېرىق ئۆستەڭلەر ، ماڭغان چىغىر يوللار ، ئېتىز يوللىرى ، ۋە يەنە كۆك قوناق باشلىرىنى ئەكىلىپ پۈچۈلاپ يەپ كەتكەنلىرىڭ ، ھېلىھەم يادىڭدا بارمۇ ؟ شۇ ئانا يۇرتۇڭ ئانا تۇپرىقىڭدا قىش كۈنلىرى قىرغاۋۇل ، توشقان قوغلاپ يۈرگەنلىرىڭ يادىڭدا بارمۇ؟ باللىقتا ئويناپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىڭ ، قىشتا مۇز قاتقان يەرلەرگە بېرىپ چانا ئوينايدىغان ۋاقىتلىرىڭ يادىڭدا بارمۇ ؟ ئانا يۇرتۇڭدا نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ئىشلار ئۆتكەن ، باللىق چاغلىرىڭ ، مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن گۈزەل چاغلىرىڭ ئۆتكەن . ھېلىھەم قۇغۇنلۇقلارغا كىرىۋېلىپ ، قۇغۇنلارنى خالىغانچە پارچىلاپ ، قۇلۇڭلاردا ئۇيۇپ يېگىنىڭلار ئىسىڭلاردا بارمۇ ؟ 80 يىلنىڭ ئالدىدا مىنىڭ بىر بوۋام بار ئىدى ، 80يىلدىن كىيىن مەن بىر قېرى بوۋاي بولدۇم . ھەي ئىنسان ئىسىڭدىمۇ ؟ داداڭ بەرگەن شۇ قويلانى كەڭ كەتكەن يايلاقلارغا ئاپىرىپ بېقىپ كىلەتتىڭ ، داستىخانلىرىڭلارغا يەيدىغان مۇە-چىۋە ، نان ، ئۇسسۇزلۇقنى ئېلىۋالاتتىڭلار . قويلارنى باقاتتىڭ ، ئىچىڭ كۆيۈپ كەتسە ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق قويغا قوناق بىرىپ بېقىپ ئۆزۈڭگە كۆندۈرەتتىڭ .

بەزىدە چوڭ ئاكىللىرىڭ چىققان ۋاقتىتا ، ئېتىزنىڭ قىرلىرىغا، خامانلىقلارغا باسماق قويۇپ كەپتەر تۇتاتتىڭ ، ئاتنى مىنىۋېلىپ يۈگۈرتۈپ كۈلۈشۈپ ئويناتتىڭ . شۇ ئاتنى ھېلىھەم مىنگۈڭ بارمۇ ؟ شۇ ئاتنىڭ يايلىسىنى سىلاپ ، باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، بىرەر قېتىم مىنۋالغۇڭ كىلىۋاتامدۇ ؟ ئېتىڭغا ئوت-چۆپنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بەرگىڭ يوقمۇ ؟ شۇ بىر قاتار ئىشلار قەيەردە بولغان، نەق سىنىڭ ئانا تۇپرىقىڭدا بولغان ، يوللاردا ئەتىگىنى ياڭراق ئەمگەك ناخشىسى ياڭرايدىغان ، ھەممە كىشى ئېتىزنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل كەتكەن ، ئەمگەكنى سۆيىدىغان ۋاقىتلىرى ئىدى . ئەتىگەندە ناخشا ئېيتقان پېتى ئېتىزغا قاراپ كىتەتتى . بۇغداينى قولى بىلەن ئۇراتتى . شۇ ۋاقىتلار ھېلىمۇ ئىسىڭدىمۇ؟ شۇ ۋاقىتلاردا ، چوڭلار بىلەن ئورما ئۇرغىلى بىللە باراتتۇق ، شۇ ۋاقىتتا چوڭلار بەللىرىگە بەلۋاغنى چىڭ باغلاپ ، مۈكچىيىپ تۇرۇپ ئورغاق بىلەن بۇغداينى ئۇرۇشقا باشلايتى .

ساپ-سېرىق ئالتۇن رەڭگە تولغان بۇغدايلار خۇددى كۆز ئالدىمدا يېتىپ تۇرغان ئالتۇن-كۆمۈشتەك كۆرۈنەتتى ، ئەمگەكچى بوۋىمىز ناخشا ئېيتىپ ، شېئىر ئوقۇپ بىزلەرنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاچاتتى . چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا ھەممەيلەن

داستىخانغا كىلەتتى ، دۈپ-دۈگىلەك بۇلۇپ داستىخاندا ئولتۇراتتۇق ، تاۋۇزنى ئەكىلەتتى ۋە ئوتتۇرىدىن ياراتتى . ئورغاق بىلەن تىلىپ-تىلىپ خوشال يەپ كىتەتتۇق. شۇ ۋاقىتلاردىكى تاماق ئىمىدىگەن يىيىشلىك ھە !!!!

قورساق ھەقىقەتەن بەك ئاچقان بولغاچقا شۇ تاۋۇزلار ، زاغىرا نانلار ھەسەلدەك تېتىپ كىتەتتى . ئاندىن خوشال — خورام ئورمىلىرىمىزنى ئوروپ كىتەتتۇق . ھەي .......! شۇ ۋاقىتتىكى مول — ھوسۇلچىلىق نەقەدەر مول ئىدى ھە ! قويلارنىڭ گۆشلىرىمۇ قىپقىزىل ،تاتلىك ، مىزىلىك ئادى . قۇربان ھېيت كەلسە ئۇروق - تۇققانلار يىغىلىپ قۇربانلىق گۆشنى مەززە قىلىپ يەپ كىتەتتۇق . بىراق ھازىرچۇ ؟ ھىچكىممۇ ئۇنداق ئىشتىھا بىلەن گۆش يىيەلمەيدۇ .

شۇ ئانا تۇپرىقىمىزدا نۇرغۇنلىغان كۆڭۈللۈك ئىشلار ئۆتەن ئىدى . جامائەتنىڭ بىر — بىرىگە سالام قىلىشلىرى ، جىگدە ياكى ئۈجمە سايىسىدا گۇڭۇر-مۇڭۇر مۇڭدىشىشلىرى ئىمىدىگەن گۈزەل چاغلار ھە ! شۇ ۋاقىتلاردا كىشلىرىمىز ھەقىقەتەن غەيۋەتتىن يىراق ئىدى . ئۇلار ئۆز — ئارا بىر — بىرىنىڭ ئەمگەكلىرىگە ياردەملىشەتتى . بىر ئائىلىدە قانچا جان بولسا شۇنچە جان ئەمگەك قىلغىلى بىللە چىقاتتى . ئۇ ۋاقىتنىڭ گۈزەللىكىگە ھىچ

نەرسە توغرا كەلمەيتتى . كەڭ كەتكەن باغۇ — بوستانلىقلار ، يېزا قىشلاقلار نىمدىگەن چىرايلىق  هە ! باغلاردا قىزىرىپ پىشقان ئانارلار ، ھەر يوغان سورتلۇق ئالما ، ئۆرۈكلەر ............!

قىنى ھازىر شۇ مۆلۈك باغلار ، شۇ گۈللەرگە تولغان داللار ، شۇ ئوخشىغان مۆلەر نەگە كەتتى ؟ شۇ شىرىن تەملەر قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى ؟ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاقىق — ئاقسا تۈگمەس بۇلاقلار بار ئىدى . ئۇنىڭ سۈيى نەدىن چىقىدۇ بۇنى ئەسلا بىلمەيتۇق . ئەمما سۈيى شۇنچىلىك سوغوق ئىدىكىن چاڭقاق دىللارغا ھۇزۇر ، كېسەللەرگە داۋا ئىدى . ھازىر شۇ بۇلاقلار ئەسلا يوق بولدى . بار بولسىمۇ 3-4 ئارانلا باردۇر . بىراق تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇ كۈنلەر ھېلىھەممۇ يادىڭىزدا بارمۇ ؟ سېغىندىڭىزمۇ دەمسىز ؟ ئەلۋەتتە سېغىنىمەن . كەڭ كەتكەن يېشىل يايلاقلاردا يايلاۋاتقان ئاتلار ، قوي-كالىلار . .........!

بەزىدە شەھەردىن قېچىپ يېزىغا بېرىۋالسەن . چۈنكى سەن شۇ تەبىئى گۈزەللىكلەرنى كۆرۈشكە تەشناسەن . بىراق ھازىر ئۇ يېزىنىڭمۇ بۇرۇنقى گۈزەللىكدىن ئەسلا ئەسەر قالمىدى . نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى . ھەرقانداق بىر شەيئى ئەسلى

هالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتسە ئۇنىڭ نە پەيزى ، راھىتى ، نە گۈزەل ئەسلىمىسى قالسۇن ؟!

ھەقىقەتەن مىنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولدى . بۇرۇنقى ھەممە نەرسىلەرنىڭ سىماسى ئەسلا قالماپتۇ . بۇرۇنقى قىپقىزىل يۇلغۇنلۇقلار ، كەڭ كەتكەن سايلىقلارمۇ يوق بوپتۇ . بۇرۇنلاردا دەريالارغا قارماق سالسىلا بېلىق چۈشەتتى. ھەتتا كىچىك كۆلچەكلەردىمۇ بېلىجانلار ئەركىن ئۈزۈپ ئويناپتتى . ئەمما ھازىرچۇ ؟ بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكە ئايلىنىپ كەتتى . شۇ چاغلار ھېلىھەممۇ ئېسىڭدىمۇ ؟

ئۆز يۇرتۇڭغا بېرىپ قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ خەلق ناخشىلىرىغا جۆر بولۇپ ، كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ ، ياپيېشىل دالىدا جىگدە ، سۆگەت دەرەخلىرى ئاستىدا مۇڭلۇنۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىرىڭ ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ ؟ سەن بۇنداق مىلودىيەلەرنى ئاڭلىمىغىلى ، ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ ھۇزۇرلۇنۇپ تاماق يېمىگىلى قانچە زامانلار بولۇپ كەتتى ؟!

ھەي قېرىنداشلار ئائىلىنى ، ئاتا-ئاناڭلارنى سېغىنىپ قۇيۇڭلار . ۋەتەنپەرۋەرلىك دىگىنىمىز ئۆز ۋەتىنىنى ، ئانا تۇپرىقىنى سۆيگەنلىك ، قوغدىغانلىقتۇر . ھېچ بولمىسا ئانا يۇرتۇڭنى ، ئۆز

ئاتا — ئاناڭنى سېغىنمامسەن ؟ شۇ بۇرۇنقىدەك شام يورۇقىدا زاغرا يەپ ئولتۇرۇپ گۇڭۇر — مۇڭۇر مۇڭدىششىنى ئويلىدىڭمۇ ؟ سېغىنىڭمۇ ؟ سۈتكە ياڭاق ئارلاشتۇرۇپ بەرسە تويماي ئىچىپ كەتكەنلىرىڭ ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ ؟ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناپ كەتكەنلىرىڭچۇ تېخى ؟! قىزلارنىڭ رىزىنكىنى ئاتلانچۇق قىلىپ ئويناپ كىتىشلىرى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ ؟ شۇ باللارنىڭ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناشلىرى ، چىدىماي ئۇرۇشۇپ قالسا بىر — بىرلىرى بىلەن تىللىشىپ ، سوقۇشۇپ كىتىشلىرى ھېلىمۇ ڭسىڭدىمۇ ؟

باللىقىڭنى ئويلىساڭ ئانا يۇرتۇڭنىڭ نەقەدەر گۈزەل ، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يىتىسەن . ئۇنىڭدا چەكسىز سىر ۋە كۈچ — قۇدرەت ، ساڭا بولغان مېھرى — مۇھەببەت يۇشۇرۇنغاندۇر . شۇ يىللاردىكى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ ؟ شۇ چوڭ دادىلىرىڭنىڭ سىماسى ھېلىمۇ كۆز ئالدىڭدىمۇ ؟ تاۋۇزلۇقتا كەپە ياساپ كەچتە تاۋۇزلارغا قارىغانلىرىڭ ، دوسلىرڭنى يىغىپ كىلىپ تاۋۇز يەپ ، چاقچاقلىشىپ نۇرغۇنلىغان شىرىن ، كۆڭۈللۈك سۆزلەرنى قىلىشقىنىڭلار ھېلىھەممۇ ئېسىڭدىمۇ ؟ تۇتۇپ كەلگەن قىغاۋۇلنى جاڭگال كاپپى قىلىپ يىگەنلىرىڭچۇ ؟ كەچتە

سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى تاماشىا قىلىپ ھايات پەيزىنى سۈرگەنلىرىڭچۇ؟ ساپسېرىق ساغرىپ چىققان تولۇن ئاي ، نۇرغۇنلىغان چولپان يۇلتۇز ، چۇمۇچ يۇلتۇزلارنى غا قاراپ تىگى يىك خىياللارغا چۆمگەنلىرىك ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغانلىرىك ھېلىمۇ ئىسىڭدىمۇ ؟ شۇ باغلاردا قىن — قىنىڭغا پاتماي ئوينىغانلىرىك ، توك ئالما ، توك غورىلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ يىگەنلىرىك ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ ؟

سەن يەنە بىر قېتىم بالىلىققا قايتالامسەن ؟ ياق ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . بىراق سەن ئانا يۇرتۇڭغا قەدەم باسقىنىڭدا بۇ ئىشلارنى چۇقۇم يەنە بىر قېتىم ئەسلىيەلەيسەن . ھۇزۇرلىنىشقا تىگىشكىك ئىشلاردىن ھۇزۇرلىنالايسەن . شۇڭلاشقا « ئانا يۇرتۇك ئامان بولسا ، رەڭگى-روھىك سامان بولماس »دىگەن ماقال بار ئەمەسمۇ !!!!!

ئانا يۇرتۇك ئامان بولسۇن ھەر ۋاقىت ساڭا يار بولسۇن ،

دوست — يارەنلىرىك يانىڭدا بولۇپ ساڭا ھەمراھ بولسۇن .

ئەمگەكلىرىڭدىن ھەرۋاقىت مىھنەت تاپسۇن دوستلۇرۇك ،

مەئىشەتكە تولغان بۇ يۇرتۇڭدا بۇلبۇل ناۋاسى ياڭرىسۇن .

خىيالغا چۆمگەن شۇ باغلىرىڭدا ،

سەپەرگە ئاتلانغان شۇ تاغلىرىڭدا .

ھەر ۋاقىت ساگا ھەمراھ بولغان ئىمانىڭدا ،

سەپىرىڭدە قارايدۇ ئاناڭ يوللىرىڭغا .

خۇيمۇ ئوبدان شۇ ۋاقىتلار بەركىتى كۆپ ،

سەن يىگەن شۇ نازۇ—نىئمەت ، يىمەك-ئىچمەك .

خۇيمۇ كەڭرى كىيەر ئىكەن ئاتا —بوۋاڭ كىيىمنى ،

ھەر ئەتلەستىن يارىشىملىق كىيىپ ئۆزىگە كىيىم-كېچەك .

رەڭگارەڭدۇر ئانا يۇرتۇڭ ھەر قاچان ،

يېشىللىققا تولغاندۇر سەن تۇغۇلغان شۇ ماكان .

كەتسەڭمۇ يىراقلارغا قايتىپ كىلەرسەن سەن ھامان ،

ئانا يۇرتۇڭ يادىڭدا بولسۇن چىقارما ھەر زامان .

# ئىنسانپەرۋەرلىك

بىلمىدىم ھازىر قانداق زامان بولۇپ كەتتى . بىراۋ بىلەن بىراۋنىڭ ئەسلا كارى بولماس ۋە سالاممۇ بەرمەس ، سالام بەرسە ئىلىك ئالماس بولۇپ كەتتى . ياكى ئىنسانلار تۇغما كور بۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى ئەزەلدىن كۆزلىرى ئۇچۇق قارىغۇمدۇ ۋە ياكى نامازشام قارىغۇسىمدۇ ؟ بۇنى ھەم بىلمىدىم . بۇرۇنلاردا بىراۋنى كۆرسە سلام بېرەتتى ۋە ئۆز-ئارا يوقلايتتى . بىراق ھازىر ئۇ ئىشلار كۆتۈرلۈپ كەتتى . كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ، يېنىچىلاپ ئۆتۈپ كىتىدىغان بولۇپ كەتتى . ئەي ئىنسان ! سىزدە بىر ئىنسانى پەزىلەت بۇلىشى كېرەك . سىزنىڭ باشقىلارغا كۆيۈندىغان ، ياردەم بېرىدىغان بىر ئادىمىلىك پەزىلىتىڭىز بۇلىشى كېرەك . بىراق ھازىر ئادىمىلىك پەزىلەت قالمىدى دىسەك ئانچە توغرا بولماس . ئەمما ناھايىتى ئازدۇر . ..........

دۇنيادا ئالىم بولماق ئاسان بىراق ھەقىقى ئادەم بولماق تەس . ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى بەك كۆپ . ئۇنىڭ سىناقلىرى ۋە ھايات سەپەرلىرى ناھايىتى كۆپ..........

مەسلەن : يولدا بىر ئادەم هاراق ئىچىپ يېتىپ قالدى . ئۇ ئەسلىدىنلا ئادەمنىڭ ئىچىدىغان نەرسىسى ئەمەس ۋە ئادەمنىڭ پەزىلىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسە .چۈنكى ئۇنى هايۋانمۇ ئىچمەيدۇ دە ئەلۋەتتە . بىراق سىز هاراق ئىچمىدىڭىز . هارا ئىچىۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتىسىز . سىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلمىسىڭىز ۋە ياكى يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويمىسىڭىز بۇمۇ بىر ئادىمى پەزىلەتنىڭ يوقلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەلۋەتتە . ئەگەر ئۇ قىش كۈنى بولۇپ ئۇ شۇ جايىدا يېتىپ ئۆلۈپ قالسىچۇ ؟ مەيلى ئۇ هاراق ئىچسۇن ۋە ياكى ئەسكى ئادەم بولسۇن ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قۇيۇڭ . بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىشمۇ ئادەتتە بىر ساۋاپلىق ئىش . سىز ئۇنىڭ ئېغىر گۇناهىنى كۆتۈردىڭىز .ئاللاهىم ئەجرىنى بېرىدۇ . سىز ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق ياشاش پۇرسىتىنى بەردىڭىز ۋە بىر كۈنلۈك تەۋبە قىلىش پۇرسىتىنى بەردىڭىز . ئەگەر ئۇ شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسە ياخشىلىق بىلەن كەتمەي گۇناه بىلەن كىتىپ قالاتتى . سىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قۇيۇپ ساقايغاندا ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆز بىلەن ئەمدى ئىچمەسلىك هەققىدە تەربىيە قىلسىڭىز ئەگەر ئۇ سۆزىڭىزدىن تەسىرلىنىپ ياخشى يولغا مېڭىپ كەتسە سىزگىمۇ ئۇ كىشىگىمۇ نىمىدىگەن ياخشى بۇلۇپ كىتەتتى . جاننى ئالىمەن دىسە ئاللاه

ئالدۇ . ھېلىمەننى بەندىلەرنى تۆۋبە قىلار دەپ ئەركىنلىككە قويۇۋەتكەن . بىراق بىز تۆۋبىدىن ، ياخشىلىقتىن ، پەزىلەتتىن يىراقلىشىپ كەتتۇق . ئەجەبا بۇ بىز ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ؟ ياكى بىز ئىنسانلارنىڭ تۇغما مۇشۇنداق ئادىتىمىز بارمۇ ؟ ۋە ياكى بىز بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ ؟ ھەر بىر ئادەم ھەقىقەتەن ئىنسانپەرۋەر بولسا باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان ، ئۆز يۇرتىنى سۆيىدىغان ، باشقىلارغا ۋەز — نەسىھەت بېرەلەيدىغان پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان بولىدۇ . بىرسىنىڭ قولى كىسىلسە تەڭ قۇلى ئاغرىيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ، ياردەم قوللىرىنى سۇنىدىغان ، ئاجىزەنى بوزەك قىلمايدىغان بولىدۇ . بەزىلەر ئاجىزلارنى ھەقىقەتەن بوزەك قىلىدۇ . بىر ئادەم ياۋاش بولسا بېرىپ تىللىۋالىدىغان ، ئۇرىۋالىدىغان ، ئۇ يەر — بۇ يەرلىرىنى سوقىۋالىدىغان ، نەرسە — كېرەكلىرىنى تارتىۋالىدىغان ، ئىككى ئېغىز گەپ ئارتۇق كەتسە ئۇرۇپ دەسسىۋېتىمەنغۇ ؟ يانچىۋېتىمەنغۇ ؟ دەپ قوپىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس . بۇ ھەرگىزمۇ شۇ ئىنساندىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئەمەس . بەلكى شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ئىپلاسلىقتۇر . ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەمەستۇر . ھەر قېتىم ئۆزەڭنىڭ ئاچچىقى كىلىپ باشقىلارنى ئۇرمەن ، تىللايمەن دەپ شۇنداق ھۇرپەيگەن ۋاقتىلىرىڭدا

ئۆزەڭنىڭ چىرايىنىڭ توڭگۇزدەك قارىداپ ، ئىڭىكىڭ تۈلكىدەك ئۇچلىنىپ كەتكەنلىكىنى ، كۆزۈڭنىڭ بۆرىدەك پولتىيىپ كەتكەنلىكلىنى كۆرۈپ يېتەلەمسەن ؟ يۈزۈڭدىكى تۈكلىرىڭنىڭ ، ساقاللىرىڭنىڭ بورسۇقتەك كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟

سەن بىر ئىنسان بولساڭ بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمە . بىر ئادەم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشى ، سىلىق سۆز قىل . ياخشىلىق قىل . ئۇلارنى يۆلە . بىر ئادەم بولغاندىكىن ئادەمدەك ياشا . ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەمدۇر . سەن بىرلا ئادەم دۇنيادا پەيدا بۇلۇپ قالغىنىڭ يوق . دۇنيادا سەن مەن ئۆزەم بىر دېمىگىن . سەن ئۆزەڭ يالغۇز بىر ئادەم ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايسەن . قورساق توقلايمەن ، يەيمەن دەيدىكەنسەن يەنىلا شۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈشۈڭ كېرەك . ئۇلار بىلەن ياخشى ، قويۇق ئارىلىشىشىڭ كېرەك . بەزى چاغلاردا ئالدىڭدا نۇرغۇنلىغان ئاجىز ، مېيىپ كىشىلەر بار . تېخى ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالىسەن . ما دۇمچەكنى ، ۋايىيەي مانىڭ پۇتى يوقكەن ، ۋاي بۇ تازكەن ، بۇ بەزكەن ، بۇ نامراتكەن دەپ كۆزگە ئىلمايسەن . ھەي ئىنسان سەن ئۇلارنى كۆرگىنىڭدە خۇدايىم تۆۋە ، بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا

ساقلىغىن دىيىشىڭ شەرتتۇر . ئىنسان ئەسلا مېيىپ ئەمەستۇر . بەلكى شۇلارنى مەنستمەي كۆزگە ئىلمىغان ۋە شۇلارنى ياراتمىغان ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى قالمىغان كىشىلەر شۇلار ھەقىقەتەن مېيىپ ۋە ئاجىزدۇر . ئاقىۋەتتە دۇنيادا ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان بىرمۇ كىشى چىقماس . بۇ دۇنيادا سەن كىمگە زۇلۇم قىلىدىكەنسەن ، كىملەرگە ئەسكىلىك قىلىدىكەنسەن چۇقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىسەن . مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن ، قايسى ئېتىقاتتىن ۋە ياكى قايسى بىر ئىرىقتىن بولسۇن سەن بىر مۇسۇلمان بۇلۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۇلارغا يامانلىق قىلماسلىقىڭ ۋە خۇن ئالماسلىقىڭ ياكى ئۇلاردىن ئۆچ ئالمەن دەپ ئىچىڭدە ئاداۋەت ساقلىماسلىقىڭ كېرەك . كۆتۈرىۋەت . كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت . ئاللاھقا ئامانەت قىل . ئاللاھ ئامانىتىڭگە خىيانەت قىلمايدۇ . ئۇ سىنىڭ قىلغان سەبىرلىرىڭگە رەھمەت ۋە بەرىكەت بېرىدۇ . باشقىلارنى بوزەك قىلما ، زۇلۇم قىلما . رەببىمنىڭ كارامىتى كۆپتۇر . سىنىڭ ھەربىر نەپەسلىرىڭ ، ھەربىر تىنىغان تىنىقلىرىڭ ، ھەر سىكۇنتتا ئويلاۋاتقان خىيال- چۈشلىرىڭ ۋە كۆڭلۈڭدە نىمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىدۇ .

زىمىنغا چۈشكەن ئىدى بىر ئىنسان ،
قەلبىدە باردۇر ئۇنىڭ ھەر قاچان ئىمان .
پەزىلەتكە دوست بولغىن ئەي مۆئمىن مۇسۇلمان ،
مۇھەممەدنى دوست تۇتقانلار بىزلەرگە قالدۇرغان .

بىلگىن دوستۇم ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم ،
ھەر ۋاقىت مېھرىدىن بەرگەندۇر ياردەم .
سەپەرلەرگە ئوخشاش سەپەرداشمىز ھەر ياندا ،
بۇ دۇنياغىمۇ باسساقىكەن دەيمەن تەڭ قەدەم .

ئويلايمەن قېرىنداش ، بۇرادەرلىرىمنى مەن ھەردەم ،
ئەي ئاللاھ جەننىتىنى بەرگىن ھەريان ھەر زاماندىن .
ئۇشبۇ جامالىڭغا ئاشىق بولغان دوستلۇرۇڭغا ھەردەم ،
رەھمەت بەرگىن دەيمەن بىر ئاللاھقا ھەر تىنىقتىن .

كۈيۈنسكەن دەيمەن بۇرادەرلىرىم بىر — بىرىگە ،

بىر-بىرسىگە زۇلۇم قىلمىسىكەن دەيمەن قېرىنداشلىرىمگە .

ئوخشاشلا ھەممەيلەن بىر ئادەمنىڭ پەرزەنتى ،

قىلايلى مېھرىمىزدىن ياردەم بەرگەندە .

سۆزلەڭ دىسەڭ سۆزلەيسەن بىز ئادەمنىڭ پەرزەنتى ،

يۇۋاش كەلسە يېنىڭغا شىر ، بۆرىدەك چاچرايسەن .

ئەگەر قارشى تەرەپ يامان كەلسە ئالدىڭدا ،

بىز مۇسۇلمان دەپ كۆچۈكلىنىپ يالۋۇرىسەن .

خۇدا دەپ يالغان ئېيتىپ سۆزلەپ يۈردۈڭ ،

مەن مۇسۇلمان ، مۆئمىن دەپ چايناپ يۈردۈڭ .

ھەي خۇدانى گۇۋاھچى قىلىۋېلىپ سۆزلەپ يۈردۈڭ ،

يالغان ۋەدە ، قەسەملەردىن يانماي ئەسلا يۈردۈڭ .

ئادىمىلىك ، پەزىلەت بىلەن ياشىغىن ئەي ئادەم ،

ئادەمنىڭ ئىچىدە باردۇر ئادەم .

خۇدايىم بەرسۇن ھەممەيلەنگە بەرىكەتنى ،

پەزىلەتكە تولسۇن بۇ كەڭ ئالەم .

# پۇل ۋە سەن دىگەن ئۇيۇن

پۇل ھەقىقەتەن تۇرمۇشىمىزدا كېرەكلىك بولغان بىر نەرسىدۇر . پۇل ئارقىلىق بىز قورساق توقلايمىز ۋە تۇرمۇشىمىزنى رىتىمگە سالىمىز . پۇل تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدۇ ئەلۋەتتە .

چوڭلار پۇل جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدۇ دىسە نىمە دەيدىكىن دەپتىكەنمەن . پۇل ھەقىقەتەن جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدىكەن.

بەزىلەر پۇل ئۇچۇن ئۆزلىرىنى خانىۋەيران قىلىشتى . پۇل ئۇچۇن قىمار ئوينىدى . ئۆمرىنى دوغا تىكتى . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئازغىنى پۇل ئۇتتى ياكى ئۇتتۇردى . ھىساپلاپ كەلسە شۇنچىلىك پۇل خالاس . پۇلنى دەپ ئاق سېتىپ ئويناپ يۇردۇڭ . سىنىڭچە شۇ پۇللار ھالالمىدۇ ؟ تاپقان پۇللىرىڭ ھەقىقەتەن ساڭا ھالال سىڭگەنمىدۇ ؟ ھەر قېتىم ھارامدىن تاپقان شۇ پۇللىرىڭ بىلەن چوشقا گۆشى يىگىنىڭ ئىسىڭدىمۇ؟ - ياق سەن ئويلىمايسەن . شۇ ۋاقىتتا شۇ تاماققا ئاچ قالغان بۆرىدەك دۇم چۈشسەن . چۈكى يىنىڭدا پۇلۇڭ بار ئەمەسمۇ ؟! بىراق شۇ پۇلى يوق كىشىلەر تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ ، بىر نان تاپسىمۇ ئالدىرىماي مەززە قىلىپ يەيدۇ . مانا ئۇيۇنىنىمۇ ئويناپ كۆردۇڭ . شۇ ۋيۇن

ساڭا قانچىلىك پۇل تېپىپ بەرگەندۇ ؟ ئۇيۇننىمۇ پۇل بولسا ئوينىغۇلۇق . ئۇيۇننى دەپ هاراق ئىچتىڭ . كەيىپ قىلدىڭ . ئاق چەكتىڭ . ئۇرۇشۇپ تىللاشتىڭ . قاۋاقلاردىن كۇلۇپلاردىن باش تارتالماس بولۇپ قالدىڭ . هازىر جەمئىيەت ئويۇن كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى دەيسەن . جەمئىيەت دىگەن نىمە بۇنى بىلەمسەن ؟ 10 ئادەمنىڭ يىغىلىشى بىلەن بىر مەهەللە بولىدۇ .100 ئاددەمنىڭ يىغىلىشى بىلەن بىر كەنىت بولىدۇ . نۇرغۇنلىغان ئادەمنىڭ يىغىلىشى بىلەن بىر ناهىيە ، شەهەر بولىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ئومۇمى تەركىبى جەمئىيەت بولىدۇ . جەمئىيەت سىنىڭ هىچقانداق نەرسەڭگە ئېغىر كەلمەيدۇ . سەن ئوينساڭمۇ كۆتۈرىدۇ . هەتتا يولنىڭ ئوتتۇرسىدا يېتىپ ئۆلىۋالساڭمۇ كۆتۈرىۋېرىدۇ . جەمئىيەتكە هىچقانداق ئېغىر كەلمەيدۇ . دۇنيادا جەمئىيەتنىڭ ئويۇننى ئەمەس ئۆز-ئۆزۈڭنىڭ ئويۇننى كۆتۈرەلمەيسەن . ئۆزوڭنىڭ ئويۇننى قامدىيالمايسەن ۋە بېقىپ بولالمايسەن . ئويۇن ئويناپ تويمايسەن . ئويۇندىن بېرى كىلەلمەيسەن . سەن جەمئىيەت يامان بۇلۇپ كەتتى ، بۇزۇلۇپ كەتتى دەيسەن . بىراق جەمئىيەتنىڭ هىچقانداق ئۆزگەرگىنى يوق . پەقەت ئادەملەر يامانلىشىپ ، ئەسكىرەپ كەتتى . جەمئىيەتنى تەرتىپكە سالىدىغانمۇ ، بۇزۇپ ناچار هالەتكە سېلىپ قويىدىغىنىمۇ يەنىلا شۇ پۇل ۋە پۇلغا

ھەددىدىن زىيادە بىرىلىپ كەتكەن ، پۇل ئىشقىدا يامان يولدىن قايتالمايۋاتقان بەزىبىر نادان ، ئەخمەق كىشىلەردۇر . پۇل شۇ كۇلۇپتىكى بىچارىلەرنى ئۇسسۇلغا سېلىۋەتتى . بىچارىلەر چاچلىرىنى جىندەك چۇۋۇپ ، يالىڭاچلىنىپ ، يۈزكۆزلىرىنى تونۇغۇسىز ھالەتتە ئالا-يېشىل بوياپ جىن — ئالۋاستىدىن پەرقى يوق بولىۋالدى . مانا بۇ پۇل بۇ جىنلارنى 3-4 سائەت ھەتتا پۈتۈن كېچە-كۈندۈز 24 سائەتلەپ ئۇسسۇلغا ۋە باشقا ئويۇنلارغا سېلىۋەتتى . ئۇلار شۇنداق خوشاللىنىۋاتقاندا بىر تەرەپتىن شەيتانىنىڭمۇ خوشال بولۇپ ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتقانمىدۇ ھە ؟! كۆرىۋاتقانمىدۇ ؟ ئاقىۋەتتە ئۆلگەن كۈندە خارلىنىپ ئوتتا كۆيىدىغانلىقى ئىسىدە بارمىدۇ ؟ شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دىبادا تولغانغان شۇ ئوچۇق بەدەنلىرىنىڭ ئوتتا چىرقىراپ كۆيىدىغانلىقى ئىسىدە بارمىدۇ ؟

پۇل ھەقىقەتەن جاڭگالدا شورپا قىلىۋەتتى . ھېرى ، تەرلەپ، ئېچىرقاپ كەتكەندە بىر ئىچىملىكنى ئىچتى . ئۇ ئىچىملىك شۈبھىدىن خالىمۇ ياكى ئەمەسمۇ ، پاكىزمۇ ياكى مەينەتمۇ ئۇنىمۇ ئويلاشماستىنلا ئىچىۋەردى . ھاراق بولغاچقا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئىچەلمەيدۇ ئەلۋەتتە .

باشقىلارنى ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەي قاخشىتىپ ئامال بولسا ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالسامكەن دەيدىغانلارمۇ بار . بىراق خەقنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان كىشى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ . بىز دەيمىزكىن پۇل تاپماڭ ئەمەس تېپىڭ .ئەمما ھالاللاپ ئۆز مېھنىتىڭىز بىلەن تېپىڭ . رەببىممۇ چۇقۇم بەرىكىتىنى بېرىدۇ .

بەزىلەر ئوغۇرلۇق قىلىدۇ . ئوغۇرلۇق قىلمىساڭ بولمامدۇ دەپ قويساق بىز ئوغۇرلىساق سىنىڭكىنى ئوغۇرلۇدۇقمۇ ؟ خەقنىڭكىنى ، باشقا مىللەتنىڭكىنى ئوغۇرلۇدۇق دەيدۇ . خۇددى ئۇ قىلمىشلىرىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغاندەك. ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر . ناھايتى ئادىل ، ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر . ھەر بىر ئىشنى ئۆز كارامتى بىلەن بىلەن قىلىدۇ . سەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھېلىقى سەن پۇلىنى ئوغۇرلىغان باشقا مىللەتىكى كىشىنى ئالدىڭغا ھازىر قىلىپ ئۇ سىنىڭ مۇنچىلىك پۇلۇڭنى ئوغۇرلىغان . سەن رازىمۇ ؟ دىسە ئۇ مەن رازى ئەمەس دەپ تۇرىۋالىدۇ . ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلىپ نۇرغۇن دۇنيا بەرسىمۇ ئۇ ئالمايدۇ ۋە ماڭا سىنىڭ ئىمانىڭ كېرەك دەپ تۇرىۋالىدۇ . سەن شۇ دەھشەتلىك كۈندىن قورققىن .

بلگنكى سەن زەررە چاغلىق نەرسە ئۇغۇرلىساڭمۇ ئاللاھ چۇقۇم شۇنىڭمۇ سورىقىنى قىلىدۇ . ئاللاھ ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر . ھەقىقى ئادىل زاتتۇر . قىيامەت كۈنىدە سۇئال-سوراق قىلىغۇچى بىزنىڭ رەببىمىزدۇر . بىزگە ھاياتلىق بەرگەن ياراتقۇچىمىزدۇر .

ئەي بەندىلەر ! پۇلغا، ئۇيۇنغا ئۇنچىۋالا بېرىلىپ كەتمەڭلار . پۇل ئىنساننى ئەمەس ، ئىنسان پۇلنى ياراتقاندۇر . شۇڭلاشقا ئۇ پۇللارغا زەنجىر ئۆتكۈزۈپ ، بوينۇڭلارغا باغلاپ شۇ پۇلغا ئۆزەڭلارنى قۇل قىلماڭلار . ئويۇننى دەپ بارلىقىڭلارنى دوغا تىكىۋەتمەڭلار . ھاياتىڭلارنى نابۇت قىلماڭلار .

دوستقا ئازار بەرگەننمۇ پۇل بولدى ،

يانچۇقلار يەنە قۇرۇپ كەتتى .

يامان ئىش قىلىپ يانچۇقلىرىڭ پۇلغا تولدى ،

ئاقىۋەتتە پۇللىرىڭنىڭ ھېچ بەركىتى بولمىدى .

بىراۋنى دوست تۇتۇپتۇ بەزىلەر ئىزدەپ پۇل ،
پۇلغا پۇلنى تاپىمەن دەپ بوپتۇ قۇل .
پۇل تاپىمەن دەپ تاللىۋاپتۇ ئۆزىگە خاتا يول ،
ئويۇن دەپ بىلەكلىرىگە ئۇرۇپتۇ ئۇكۇل .

پۇل دەردىدە ئەي باللار ساراڭ بولماڭلار ،
پۇلغا زىيادە بېرىلىپ قايمۇقۇپ كەتمەڭلار .
شەيتانغا ھەمراھ بولۇپ سىلەر دىڭ-دىڭ ئويناپ ،
بىر كۈنى ئازاپتا قېلىپ پۇشايمان يىمەڭلار .

قاچانمۇ تەۋبەقىلارمىز دەپ ئويلاپ يۈرۈيسىلەر ،
ئۆلگەندە ئەجەبا تەۋبە قىلىپ يۈرمەكچىمۇ سىلەر .
ئىككى پۇتۇڭ گۆرگە ساڭگىلاپ بولغاندۇ ھەر قاچان ،
ئەمدى تۆۋبە قىلساڭ قوبۇل بولارمۇ شۇ تۆۋبىلەر .

پۇل ئىنسانىنى ياراتقان ئەمەس ئەي دوستۇم ،

ئىنسان ئەسلىدە پۇلنى ياراتقان .

ۋە لىكىن شۇ پۇلنى دەپ قېرىنداشلاردىن ،

ۋاز كەچكەن قېرىنداشلار دەۋزەختە ياتقان .

پۇلنى بەرسەڭ ئىتقا پۇراپمۇ قويماس ،

ھەلەپكە پۇل ئارلاشتۇرساڭ كالا ھەم يىمەس .

ئەي دوستلۇرۇم ئويغۇنۇڭلار ھالالدىن مىھنەت قىلىپ ،

ھارام پۇلغا بىزلەر ھەرگىز شىرىك ئەمەس .

ھەر بىر قېرىندىشىمنىڭ ھالالدىن پۇل تېپىپ پۇلنى ئىللىق ئائىلىسىگە ، ياخشى ، خەيرىلىك ئىشلارغا ، كۆكۈللۈك پائالىيەتلەرگە ۋە يۇرتلىرىنىڭ يېشىللىقىغا ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خەيرىلىك سەپەرلىرىگە ئىشلىتىشىنى ئۇمۇد قىلىمەن . ئىقتىسادىڭلارنى ھەرگىز بۇزۇپ چاچماڭلار . ئاللاھتىن سىلەرگە رەھمەت ، بەرىكەت ، ھىدايەت تىلەيمەن . ئامىن..........!

# يانفۇن ۋىروسى ۋە ناتوغرا ھەۋەس

ئىنسان دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدۇ ، ئېلىپ ئېيتساق : كىيىم-كېچەك ، تۇرمۇش ، ئۆي-زىمىن ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە ئەڭ كىچىك نەرسىلەردىن تائام يېيىش ۋە باشقىلار . كىيىم-كېچەكلەرنى پۇزۇر كىيىش ، ۋە كىيگەنگە ھەۋەس قىلىش چىقىپ چۇقۇنىدىغان ئىشلارمۇ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى . ئەسلى ھەۋەس قىلىش ياخشىدۇر ، سىز ئىلىم-مەرىپەت ، ئىلمىغا-بىلىمگە ياخشى كىشلەرگە ھەۋەس قىلىسىڭىز بۇلىدۇ . ۋە مۆئمىنلەرگە ھەۋەس قىلسىڭىز بولىدۇ . مەن نىمە ئۈچۈن شۇلاردەك بۇلالمايمەن ، مەنمۇ شۇلاردەك ياخشى مۆئمىن بۇلۇپ رەببىمنىڭ ئالدىغا بارسام مەنمۇ بىر بەندىغۇ دەپ ھەسەت قىلسىڭىز بولىدۇ .

بىراق ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ كىتىپ ھەسەتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسىڭىز بولمايدۇ . بەزىلەرنىڭ شۇنداق كىيىملىرى جىقكىن ھەددى — ھسابى يوق . يەنە ھەۋەس قىلىپ كىيىم بىلۋېرىدۇ . قايسى كىيىم يىڭى چىقسا ئالغىنى ئالغان . ناۋادا ئېلىپ بەرمىسە بىشەملىك قىلغىنى قىلغان . ئۆيدە قارىسا قاتار-قاتار نەچچە 10 قۇر كىيىم ، نەچچە جۈپ ئاياق تۇرغان . ئاندىن

ئۈنى تاشلاۋاتقان . ياشلىرىمىز چولپانلارغا ناھايىتى بەك ھەۋەس قىلىدۇ . بولۇپمۇ چەتئەللەرنىڭ چولپانلىرىغا ئاجايىپ ھەۋەس قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئەكرىپ تاملارغا ئېسىۋالىدۇ ۋە چوقۇنغۇچىسى قىلىۋالىدۇ . ھەي بەندىلەر دۇنيادا ئالالاھقا چوقۇنماي باشقا چولپانلارغا چوقۇنامسىلەر ؟!

ھىدايەتنى سورىماي بىر قۇرۇق سۈرەتكە قاراپ مەن ئاشۇنىڭدەك بولسامكەن دەپ قۇرۇق خام-خىياللارنىڭ ۋە ئارزۇ ھەۋەسلەرنىڭ كەينىدىن يۈگرەيسىلەر . سىلەر مىڭ يۈگۈرسەڭلارمۇ بۇ خىيال شۇ جايىدا خۇددى سائەت ئۆز جايىدا چىكىلداۋاتقاندەك سىلەرنىڭ خىياللىرىڭلارمۇ ئەتراپىڭلاردا پىرقىراۋېرىدۇ خالاس . ئاقىۋەت سىلەر بۇ ھەۋەسلەرنىڭ كەينىدىن ئىش خوشياقمايدىغان ياكى ئۇجمە پىش ئاغزىمغا چۈش دەيدىغان ھۇرۇن ، بوشاڭلاردىن بولۇپ قالىسىلەر . بىر ئوبدان پەزىلەتلىك كىشىلىرىمىز بار تۇرسا شۇلارنىڭ يولىدا ماڭماي بېشىڭلارنى قايمۇقتۇرىدىغان بۇ خىياللارنىڭ كەينىدىن يۈگرەپ ماڭىسىلەر . ئۇنداق ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ — ھەۋەسنىڭ كەينىدىن ماڭماڭلار . ئۇلار ھامىنى سىلەرنى ھالاك قىلىدۇ . سىلەر ياخشى ئوقۇشقا ، ئاتا — ئاننى ، قېرىنداشنى ۋە ئەل — يۇرتنى رازى قىلىشقا يۈگۈرۈڭلار . ياخشى بىر ئائىلە

تۇتۇشقا ۋە رەببىمىنىڭ ئالدىغا ياخشى بەندە بولۇپ بېرىشقا يۈگۈرۈۋاتقانلار . بەزىلەر باركىن شۇنداق ئولتۇرۇپ تېلىۋۇزۇر كۆرسە شۇ كىنو ئارتىسلىرى خۇددى ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىنى يازغاندەك پەخىرلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆرۈپ كىتىدۇ ۋە مۇھاببەت دۇنياسىغا غەرىق بولۇپ كىتىدۇ . ھاياجانلىنىپ كۈلسە تەڭ كۈلۈپ ، يىغلىسا تەڭ يىغلاپ كىتىدۇ . سىز فىلىم كۆرمەڭ ئەمەس كۆرۈڭ . شۇ فىلىمدىن ئۆزىڭىزگە پايدىلىق بولغان يەرلىرىنى ، يەنى كۈيۈنۈش ،ياخشى پەزىلەت ۋە ياخشى ئىش ئەمەللىرىنى ئۆگۈنۈڭ . خۇددى مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ شاكىلىنى ئايرىپ تاشلىغاندەك . بىراق ھازىر مېغىزىنى تاشلاپ شۆپۈكنى ئايرىپ ئالىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . بەلكىم ناھايتى كۆپتۇر ....

مانا ئەمدى ھەۋەسنىڭ تۈرلىرى ناھايتى جىق بولغاندەك يانفۇنمۇ ھەۋەسنىڭ بىر تۈرى بولۇپ بىر زامانلاردا« QQ » كىكىيۇ ئويناپمىز دەپ ھەممە باللار قولىرىدا تېلىفۇن ئويناپ يۈردى . يولدا ماڭغاچ خەت بېسىپ ماشىنىغا ئۇسۇۋالغانلار ، ئېرىققا چۈشۈپ قولىنى سۇندۇرىۋالغانلارمۇ بولغان . مانا ئەمدى ئۈندىدار دىگەن نەرسىمۇ چىقتى . زاماننىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن ھەرخىل ئۇسكۈنىلەر پەيدا بولدى . يەنى ئۇيۇن ئويناش، مال سېتىۋېلىش دىگەندەك نۇرغۇن تۈرلىرى چىقىپ كەتتى .

هازىر سىز تېلفۇننى ئەمەس ، بەلكىم تېلفۇن سىزنى ئىشلىتىۋاتىدۇ . بەزىلەر يول ماڭغاندا ئۆزىدىن قاراپ قىزىل چىراقنىمۇ دىققەت قىلماي ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس . كىچە-كۈندۈز ئۇخلىماي تېلفۇن ئويناپ كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانلارمۇ خېلى كۆپ ، تېلفۇننى توكقا چېتىپ قويۇپ ، تېلفۇن پارتىلاپ ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغانلارمۇ بار . كىچە-كۈندۈز تېلفۇنغا قاراپ باش ئاغرىقى تېپىۋالغانلارمۇ بار ، ھەي ئىنسان ئۆز ھاياتىڭنى ئاتا-ئاناڭ ئۈچۈن ، قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن تەقدىم قىلماي پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان شۇ تېلفۇنغا تەقدىم قىلامسىز ھە !!! ئانىڭىز بەرگەن پۇلغا تېلفۇن سېتىۋېلىپ ئۇمۇ يېتىشمەي ، كومپيوتېرخانىغا كىرىسىز ، تور چىقىپلا ئولتۇرىسىز ، كېچىسى تورخانىلاردىن چىقماي ، خۇددى مىڭىڭىز ئاغرىمايدىغاندەك ، كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ كەتكەن ھالدا چىقىسىز ، ئەمما شۇبچارىلارگە قاراپ مىنىڭ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى ، مانا بۇ ۋىروسلارنى سىلەر ھەركۈنى ئىستىمال قىلىسلەر ، ئاتا-ئاناڭلار بىر ئوبدان تاماق ئەكەلسە تېلفۇنغا قاراپ ئولتۇرىسلە . تېلفۇندىن قايسى بىر چولپاننىڭكىدۇر ۋە قايسى بىر قىز-يىگىتلەردىن ئۈچۈر كەلگەندۇ دەپ ھەۋەس قىلىپ قاراپ كىتىسلەر ، تېلفۇنىڭلار تاتماي قالسا قىممەت تېلفۇننى ئالىسلەر، بۇھەۋەس نىمدىگەن قورقۇنۇشلۇق ھەۋەس ھە !!!!

بۇ ھەۋەسگىلارغا مىنگىمۇ زوقۇم كىلىۋاتىدۇ . ھە ئىنسانلار مۇشۇنداق ھەۋەسنى قىلغۇچە ئەلۋەتتە ، ياخشى كىتاپقا ، كىتاپ ئوقۇشقا ھەۋەس قىلساڭلار بولمامدۇ ، ئەجىبا سىز شۇ تىلفۇنىڭىزغا بىر كۈن قارىمىسىڭىز ھاياتىڭىز ئاخىرلىشامدۇ ئاتا-ئانىڭىز سۆز قىلسا ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرىسا ياكى ناماز ۋاقتى كەلسە ، سىز خۇددى بىرسىڭىز ۋىرۇس بىرسىڭىز يانفۇندەك تىلفۇنغا ئىرماش-چىماش بۇلۇپ كىتىسىز ، ھەتتاكى روزا-رامىزانلارمۇ تىلفۇننىڭ قۇلى قىلىپ تىلفۇندىن ئايرىلالمايسىز ، ھەي تىلفۇن سىزدىن ئايرىلالايدۇ ، بىراق سىز تىلفۇنىڭىزدىن ھەرگىز ئايرىلالمايسىز  ئۇ ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى ،  بىرەر كىيمىڭىزنىڭ گالاستۇكنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز قالسىزكىن ، بىراق تىلفۇنىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىز ، بەلكىم ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم » ھەي ئاللاھ ئۆزۈمنى ئۆزۈڭگە ئامانەت قىلدىم دىيىشنى ئەسلا ئويلاپمۇ قويمايسىزغۇ دەيمەن . !!!

يانفۇن ۋىروسى ھازىر شىنجاڭدا ئەڭ تىز تارقىلىۋاتقان ۋىروستۇر . چەتئەللەردە بولسا يانفۇنغا بىرىلمەي بەلكى كىتاپقا ، تەنھەركەتكە ، دانالار پائالىيتى ، ساياھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۋاتىدۇ . بىراق بىزنىڭ ياشلىرىمىز مەيلى ھېيت بايرام

بولسۇن ۋە ئادەتتىكى كۈن بولسۇن بۇ يانفۇن ۋىروسنى قىستۇرغىنى قىستۇرغان .

ھەۋەسلەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈش ياخشى ئاقلانە ئىش ئەمەس ، بۇ ئۇلۇغۋارھەۋەسلىرىڭىزنىڭ مەرىدىن كىچىك ، ياخشى يوللار كۆپ شۇنىڭغا مېڭىڭ ، ئىزدىنىڭ ، سىز كۈتكەن شۇ چولپانلار سىز ئارلاشقان شۇ قىز-يىگىتلىرىڭىز سىز بىر كۈنلەردە ئاغرىپ قالسىڭىز ياكى بىرەر پالاكەتكە قالسىڭىز ئۇلار سىزنىڭ تىلفۇنىڭىزدىن چىقىپ سىزگە بەركەت ئەكەلمەيدۇ ، يەنىلا سىزنى ياراتقان ئىگەم يالغۇز تاشلاپ قويماستىن سىزگە ياردەم بېرىدۇ ، سىزنى ساغلام قىلىدۇ . تىلفۇننى سىز شۇ زىمىندىن ئالدىڭىز ، زىمىندىن تېپىپ ئىشلىتىپ چىقاردىڭىز ، بۇمۇ ئاللاھنىڭ بەرگىنى ، ئاللاھىم سىزگە شۇ ئەزالىرىڭىزنى تۈلۈق قىلىپ يارىتىپ بەرمىگەن بولسا ، بارماقلىسىڭىزنى تۈلۈق قىلىپ ياراتمىغان بولسا ، سىز ئۇندىدارغا قانداق چىقاتتىڭىز ھە !! ، ئۇلۇغ ئاللاھىم شۇ كۆزىڭىزنى ئۈچۈق قىلىپ ئاۋازىڭىزنى بەرمىگەن بولسا ، ئەقلى ھوشىڭىزنى جايىدا قىلمىغان بولسا ، قانداق قىلاتتىڭىز ھە ، يەنى سىز شۇنچە ناخشىلارغا ھەۋەس قىلىسىز ، ئاھ مۇھەببەت ، كۆك مۇھاببەت دەپ غىجىڭلاپ چىڭقىلىسىز ، ئەجىبا بۇ دۇنيادىكى قىز ئوغۇللار سىزگە شۇنچە

زۇكۇم قىلىۋەتتىمۇ ؟ سىز ناخشىلارغا ھەۋەس قىلىپ كەتكۈدەك ناخشىنى ئاڭلىماڭ ئەمەس ئاڭلاڭ ، مەزمۇنى ياخشى بولغان ياخشى ناخشىلارنى ئاڭلاڭ .

يۈرمىگىن كەيىندە يۈگۈرۈپ ،
قوغلۇشۇپ ھەركۈنى ھەۋەس .
ھەۋەسلەر چىتمىۋالسا ئەتراپىڭنى ،
ساڭا بولىدۇ بىر كۈنى قەپەس .

ساراڭ كەلسە ساراڭ دەيسەن ،
ئۇ سەندەك ئۆلۈك ئەمەس .
سەن قىلغىن ئىشىنىڭ ھەممىنى ،
ئۇ قىلىپ باققان ئەمەس .

سەن  ھەۋەس قىلسىپ يانفۇن ۋىروسىغا ،
سەن ھەۋەس قىلغان قىز-يىگىتكە .
ساراڭ ھەۋەس قىلماس ئەسلا ،
سەندەك ئۇ ئەخمەق ئەمەس .

سەن ئويۇنغان سۇرۇنغا ،
سەن چۇقۇنغان چولپانغا .
ئۇ چوقۇنماس ئەسلا ئۇنىڭغا ،
ئۇ سەندەك نادان ئەمەس .

ساراڭغا بەرسەڭ تېلفۇننى ،
بىر كۆرۈپ ئاتىدۇ يەرگە .
ساڭا بەرسە تېلفۇننى ،
بىر كۆرۈپ بېرسەن جېنىڭنى .

ساراڭ دەپ ئەخمەق قىلسەن بىچارە بەندىنى ،
بىلەمسەن ئۇ مەجنۇننىڭ جەننىتى باردۇر .
ئۇ ساڭا قارىغاندا بەكراق ئوڭلۇق ،
تاماق يەپ سىگگەن نىننى ھەر جايدا باردۇر .

مەجنۇننىڭ كۆنى ساڭا قارىغاندا بەكراق ياخشى ،
غەم-ئەندىشە تىلفۇندىن ئۇ ھەر ۋاقىت خالى .
ساڭا ئوخشاش چولپان ئويلىماس ئۆزى خالى ،
شىرىن ھەۋەس كەيندىن يۈگۈرمەس ئۇ سەندىن ياخشى .

يۈگۈرمەڭلار ئۆزۈن ئارزۇ-ھەۋەس كەيندىن ،
ئارمانلار سىلەرنى بىركۈنى كۆلگە تاشلايدۇ .
رەببىمگە دۇئا قىلىپ ، دوسلىرىغا ئىشەنسەڭلار ،
بىر كۈنى سىلەرنى رەھمەت يوللىرىغا باشلايدۇ .

# ئاجرىشىش جېڭى ۋە يېتىمنىڭ كۆز يېشى

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ زامان تەرەققى قىلىۋاتىدۇ ، شۇنىڭغا قارىتا ھازىر نىكاھمۇ تەرەققى قىلىۋاتىدۇ ، خۇددى سىز بىر تېلفۇننى ئېلىپ يەڭگۈشلىگەندەك ، بۇ نىكاھمۇ يېڭىلىنىپ تۇرمىسا بولمايدىغاندەك ئاجرىشىش ناھايىتى تەرەققى قىلماقتا ۋە بۈگۈنىسى توي قىلىپ ئەتىسى ئاجرىشىدىغانلارمۇ بار . خۇددى بۇ بىر مۇسابىقىدەك دۇنيا بويىچە شىنجاڭنىڭ ئاجرىشىش قېتىم سانى ئەڭ كۆپ دۆلەت بوپتۇ ، بۇنىڭدىن بىز ئەپسۇسلىنامدۇق ياكى خوشال بولامدۇق ، بۇنى ئۆز ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى .

ئەينى زامانلاردا 20 نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغىنىمىزدا ئاتا-ئانىللىرىمىز ئۆيلەپ قويايلى دەيتى ، ھازىر باللار 17~18 ياشلاردىلا تويدىن ئېغىز ئاچىدىغان بولۇپ كەتتى ، بۇنىڭ ھەممىسى نىمە سەۋەپتىن ، يەنىلا شۇ غايىۋى ھەۋەستىن ، بىز مەستانە بولغان شۇ فىلىم بىزدىكى ئاشۇ ناتوغرا ھەۋەستىن كىلىپ چىققاندۇر ، نىكاھىڭىزنى قىلىپ قويماي نىمە ئامال ، گۇناھىڭىزغا تەڭ ھەمرا بولغىمىز يوق ، ئەسلىدە شەرىئەتتە توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە توينى قىلىپ قويۇڭلار دىگەن ،

بىراق توي قىلىپ ئاجرىشىش دېگەن ئەمەستۇر . سىز كىچىككىنە ئۆز ھەۋەسلىرىڭىزنىڭ قىزغىنلىقىنى دەپ ئۆز ئائىلىڭىز بىلەن ئاجرىشىسىز ، سىرىتتىكى ئائىلە سىزگە شۇنچىۋالا ۋاپا قىلدىمۇ ؟ ياكى ئىككىنچى خوتۇن ئالىمەن دەپ چىلىك تۇرۋالدىڭىزمۇ .؟ بىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسىز ئەلۋەتتە ، سىز ئىككىلا ئائىلىڭىزغا ئوخشاش مۇئامىلىدە قارىيالامسىز ، ئىككى ئائىلىڭىزنىڭ بىرىگە كۆڭ ئالما بىرىپ يەنە بىر ئائىلىڭىزغىمۇ كۆڭ ئالما بىرەلەمسىز ؟ بىرسىگە تاتلىق شىرىن سۆزقىلسىڭىز يەنە بىرىگىمۇ شۇنداق سۆز قىلالامسىز ؟ ئىككىلىسىنى تەڭ ئۇرۇندا باپ-باراۋەر كۆرەلەمسىز؟ ھېيت ئايەم كۈنلىرىدە ئىككىلى ئائىلىڭىزغا تەڭ يىتىشىپ بولالامسىز ؟ ئۇلارنىڭ باللىرىنى ياخشى كۆرۈپ باش ئاغرىقىدىن خالى بولالامسىز ؟ ئەلۋەتتە سىز توي قىلسىڭىز بولىدۇ ، توي قىلماق ئەمەس لىكىن بىھۇدە ئاجراشماق ، سىلەر ئاجرىشىپ كەتتىڭلار ، سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن قانچىلىك سەبى باللارنىڭ كۆز يېشى قىلدىغىنىنى سىز ئەسلا بىلمەيسىز ، ئەمدى ئائىلىڭىز ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن ياكى يولدىشىڭىز ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن ، پەرزەنتىڭىز يىتىم قالغان بولسا ئۇ باشقىچە بىر ئىشتى ، سىز تىرىك تۇرۇپ شۇ سەبى باللىرىڭىزنى يىتىم قالدۇرۇشقا قانداقمۇ كۆڭلىڭىز ئۇنايدۇ . ئەڭ

قىسقىسى ۋىجدانىڭلار ئۇنىمايدۇ ، ئەجىبا سىرىتتىكى ئوغۇل ياكى گۈزەل ياش قىزلار كۆزۈڭلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كىتىپ ، ھەتتاكى پەرزەنتىڭلاردىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ كەتتىمۇ ؟ سىرىتتىكى شۇ قىزلارنىڭ مىھرى ئۇماق پەرزەنتىڭلارنىڭ مىھرىدىنمۇ كۈچلۈكمىكەن ، ئەجىبا ئۇلار سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق قىلدىمۇ؟ نىمە ئۇچۇن ئۆز ئائىلەڭلارنى دەپسەندە قىلىسلەر ، ھەي ئەرلەر سىرىتتا كەيىپ ساپا قىلمىساڭلار ، قىمار ئوينىماڭلار ، ھاراق ئىچمىسەڭلار ، ياماندىن يىراق بولساڭلار ئاياللىرىڭلار سىلەردىن ئاجراشمايدۇ . ئاياللىرىڭلارغا سىلىق-سىۆز ، ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭلار ، ئۇلار سىلەردىن قاچمايدۇ ، ھەي ئاياللار سىلەرمۇ يولدىشىڭلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتماڭلار ، لايىقىدا ئىش قىلساڭلار ، ئۇ ئولتۇرۇش بۇ چاي دەپ يولدىشىڭلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتمىساڭلار بولمامدۇ ؟ مانا مۇشۇنداق يول بەرمەسلىكلەر ئاجرىششىنىڭ بىرىنچى چوڭ ئاساسى بولۇپ قالدى ، چىقىشالماسلىقمۇ شۇنداق بولۇپ قالدى، مانا بۈياقتىن توي قىلىپ ئۇياقتىن مۇھاببەتلىشىپ يۈرگەن ئەي يىگىت بالاڭنىڭ قىساسىدىن قورقمىدىڭمۇ؟ خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ ؟ ئايالىڭ ئۆيدە تۇغۇپ ياتسا ئىت — مۇشۇكمۇ تۇغىدۇ بۇ نىمىتى دەپ سىرتلاردا باشقا قىزلارغا مۇھاببەت سۆزى قىلىپ يۈرۈيسەن . ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ

هاۋايى — ھەۋەسكە بىرىلسەن . سەن ھەمىشە سىرتلاردا يۈرۈيسەن . نارسىدە بالاڭنىڭ ، ئايالىڭنىڭ قىساسىنى تارتىپ قېلىشتىن قورقمىدىڭمۇ ؟ ھېلىمۇ رەببىم ئەپۇچان ئىكەن . سىلەرنى كەچۈرىۋاتىدۇ . ئەگەر ئاتا-ئاناڭ ، ئايالىڭ ۋە ياكى باشقا كىشىلەر بىلگەن بولسا كەچۈرمەس بولغۇيتى . سىلەر قاچانغىچە يۈشۈرۈنماقچى ؟ ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ رەسۋا بولىسىلەر . مۇناپىق ، جوھوت بولىسىلەر . ئاخىرى شەيتان بىلەن دەۋزەخكە مەھكۇم بۇلىسىلەر . سىلەر بۇنى بىلەمسىلەر ؟ بالاڭلارغا قاراڭلار بىر ئوبدان ئايدەك چىرايلىق . شۇ بالاڭلارغا ، كۈيۈمچان ئايالىڭلارغا پۇل خەجلىمەي ، سىرتلاردىكى سورۇنلارغا ، كەيىپ-ساپا ، ھەشەمەتچىلىكلەرگە ، ياش قىز-ئاياللارغا خەجلەيسىلەر . ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن.

بۇ دۇنيادا بىر چۈمۈلىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويساڭ ، شۇنىڭ سورىقىنىمۇ تارتىسەن ، ئۇنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر ، ئەجىبا سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنى ، ئاياللىرىڭلارنى ، باللىرىڭلارنى قاقشاتساڭلار بۇنىڭ سورىقىنى تاتماسسىلەرمۇ ؟ ئاللارمۇ بۇنىڭ سورىقىنى ئالماي قالارمۇ ؟ ئەجىبا سىلەر ئۆزۈڭلارنى شۇنچە ئەقىللىق دانىشمەن ئادەم ، بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى يوق دەپ ئويلامسىلەر . بىر يېتىمنىڭ كۆز يېشىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ ؟

بىر بالا يولدا كىتىۋاتاتتى ، ئۇ بىچارە بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇ بالا كىچىك ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان ئىدى . ئۇ يولدىكى ئويناۋاتقان باللارنى كۆرسە ،مىنىڭمۇ دادام بولسا ، مىنىڭمۇ ئانام بولغان بولسا ئۇلارنىڭ قولىرىنى تۇتۇپ ماڭسام ، ئۇلارنى باغرىمغا بېسىپ ئۇخلىۋالسام ، ئۇلار بىلەن تەڭ باغچىغا بارسام ، نىمىدىگەن بەختىلىك مەن ، كېچىلىرى جۇيلىگەن ۋاقتىمدا دادا ، ئاپا دەپ جۇيلۇپ كىتىمەن . لىكىن ئويغانسام ھىچقايسىسى يوق ، باشقىلارنىڭ يىتىم دىيىشلىرى قۇلۇقۇمغا كىرمەسلا بولدى ، بۇ ئىشلاغا ئاللىبۇرۇن كۇنۇپ كەتكەن ئىدىم . چوڭ دادام —چوڭ ئانامىلانى سورىسام ئۇلارنىڭ بۇرۇنلا قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى ، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بىرىپ مەن نىمىشقا يىتىم بولىمەن ، ئاتا-ئانامىنىڭ قازا قىلىشى ئالالھنىڭ ئىرادىسىدىكى ئىشقۇ ، ئاللاھ تائالا ماڭا كۇپايە دەپ يۇرۇۋەردىم ، مانا ئەمدى چوڭ بۇلۇپ توي قىلغان ۋاقىتلىرىمدا ، يېنىمدا شۇ ئەزىزلىرىم يوق . ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى كۆردى ، لىكىن ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق ، بىراق ئۇ گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ مىنىڭ ئاتا-ئانام بار ، ئۇ ئايالىمىنىڭ ئاتا-ئانىسى نەق مىنىڭمۇ ئاتا-ئانامدۇر ، دەپ كۆلگە تەسەللى بەردى ۋە مىنىڭ ئاتا-ئانام بارلىقىم ئاللاھتۇر ، ئاللاھ ھەممە جاننى بەرگۈچىدۇر ۋە ئالغۇچىدۇر .

يولدا يەنە بىر يىتىم بالا كىتىپ باراتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى ھەققەتەن مەيۈس ئىدى . ئۇ ئانىسىنى ئىزدەۋاتاتتى .

-ئاپا سەن قەيەردە ؟ نىمىشقا دادىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىڭ ؟ ئاجراشمىساڭ بولمامدۇ ؟ بىچارە بالا ئانىسىنى تۆت كۆزى بىلەن ساقلاۋاتاتتى . دادىسى بولسا بىر چوكاننى قولتۇقلاپ بالىسىنى ئۇياققا ماڭ ، بۇياققا ماڭ دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇنىمىسا : ھوي ھاراملىق شۇم ماڭ دىدىم سىنى دەپ سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلىگىنىچە ھېلىقى مودا چوكاننى يىتىلەپ كىتىپ باراتتى . مەن ھېلىقى يىتىم بالىنىڭ يېنىغا باردىم ۋە

— ھەي بالام داداڭ سىنى نىمانچە تىللايدۇ ؟ دىسەم ئۇ :

ئۇ مىنىڭ دادىم ئەمەس . ئۇ مىنىڭ ئاپام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن . ئۇ ئايالمۇ مىنىڭ ئاپام ئەمەس. ئۇ ئۆگەي ئاپام . ئۇ ئادەم ماڭا دادا بولۇشقا لايىق ئەمەس دىدى پەسكە قاراپ تۇرۇپ . كۈندە دادام يوق ۋاقىتتا ئۇ مىنى ئۆگەيلەيدۇ . ئۇرىدۇ ، تىللايدۇ . دادىم بولسا شۇ ئايالنىڭ كەينىدىن چىقالماي يۈرۈيدۇ . مىنى ئۇرىدۇ ، تىللايدۇ . شۇڭلاشقا مەن دائىم بۇ ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسە مەن بىر مەزگىل ئارام ئېلىۋالاتتىم دەپ ئويلاپ كىتىمەن . ھەققەتەن بەزىدە شۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆگەيلەشلىرى ، قىيناشلىرى ، تەتۈر قاراشلىرى ، ۋارقىراشلىرى يەنە كىلىپ شۇ

سرتتىكى ئايالالرنى ياخشى كۆرۈشىدىن  باللىرىنىڭ قارغىشى ۋە قىساسىغا ئۇچرايدۇ .

بىر كۈنلەردە ئۇ بالا ئانىسى بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپتۇ . ئۇ ئۆز ئانىسى ئىدى . ئۆز ئانىسى چىدىماي پەرزەنتىنى ئەكىلىۋالغان ئىدى . ئۇ تۇيۇقسىز ئاپىسىغا :

- ئاپا سەن نىمىشقا دادام  بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن دەپ سورىدى .

ئانىسى ئۇلۇغ بىر كىچىك تىنىۋېتىپ ئالدىرىماي تۇرۇپ :

- بالام مىنى ئاجراشقۇسى بار دەمسەن ؟ داداڭ كۈندە هاراق ئىچىپ ، قىمار ئويناپ ، سىرتتىكى ئايالالر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپ مانا ئەمدى ئازراق پۇل تېپىپتىكەن مەن كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ، كۈندە دۇمبالاپ ئۇردۇ . تەلىيى قېچىپ ئۇتتۇرۇپ قويغان كۈنلىرى يەنە ھەممىسى سىنىڭ كاساپىتىڭ دەپ يەنە ئۇرۇپ كۈن بەرمەيدۇ . يا مەن بېرىپ ئىشلىرىنى بۇزمىسام مەن قانداق قىلىمەن بالام . هېلىمۇ بىر قانچە يىلنى چىداپ ئۆتكۈزدۈم . مانا هازىر باققالچىلىق قىلىۋاتىمەن . مانا ئەمدى سەنمۇ كەلدىڭ . يالغۇزچىلىق تارتمايدىغان بولدۇم دىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى قىمار ئويناپ بارچە بىساتىنى ئۇتتۇرىۋەتكەندىن كېيىن ئاغرىپ يېتىپ قالدى . يېنىكى ھېلىقى چىرايلىق چوكانمۇ ئۇنى تاشلاپ كىتىپ قالدى . ئۇ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلدى . ئاخىرى بۇ بىچارە ئادەم قەرز قايتۇرۇپ بولالماي پۇت-قوللىرى سۇنۇق ھالدا سىرتلاردا دىۋانىچىلىق قىلىپ يۈردى . مانا شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ھەر قانداق بىر ئادەم چۇقۇم پەرزەنتلىرىنىڭ قىساسىنى تارتىدۇ . بىر ئانىمۇ باغرى تاشلارچە باللىرىنى تاشلاپ كەتسە ئاقىۋەت ئۇنىڭ كۈنى خار- زارلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ .

بىر بالا مەيۈس ، كۆزلىرى ياش يۈقى ھالدا دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى . دادىسى بولسا ئۇنىڭ ئەترابىدا بالام ئۇنى يەمسەن ، بۇنى يەمسەن دەپ پايپېتەك بۇلۇپ يۈرەتتى . بالا ھىچقانداق گەپ قىلمىدى . ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر ئايال كەلدى . ئۇ ئايال بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجرىشىدىغانلىقىنى لىكىن بالىنى ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سۆزلەپلا كەتتى .

-بۇ ھاراملىق شۇمنى ئالمايمەن . مەن يېڭىغا بالا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن . بالىنى مەن باقمايمەن . بالا بولسا مەن توي قىلالمايمەن ئۆزەڭ باق دەپ بىر ھازا سۆزلىدى .

بىچارە بالا ئاخىرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

سەن بىر ئەسكى ئاپا ، ئاپا بولۇشقا لايىق ئەمەس . مەن ساڭا ئۆچ . كۆزۈمدىن يوقال دەپ ۋارقىراپ كەتتى . ئۇ ئايال ئالدى — كەينىگە قارىماي كىتىپ قالدى . دادا بالىنى يىتىلگىنىچە ئۆيگە قاراپ يول ئالدى . ھېلىقى ئانىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغاندۇ ؟ قاراپ باقايلى .

ھېلىقى ئانا بىر باي بىلەن توي قىلدى . باي ئۇنى بىر ئايچە ئارزۇلىدى . ئاندىن كىيىن ئۆزىنىڭ كونا سەنىمىگە دەسسەپ سىرتلاردا خوتۇن — قىزلار بىلەن ئويناپ مۇھاببەت تۇتۇپ يۈردى . ئۇ ئايالنى بولسا ھە دىسىلا ئۇرۇپ — دۇمبالاپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ قۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ ھىچقانداق ئاراملىق بەرمىدى . ئادەتتىكىچە يۇرۇپ قويسا ماڭا ماسلىشىپ يۈرمىدىڭ دەپ تىللايتى . سەل ياسىنىپ قويسا كىملەرگە نازلىنىۋاتىسەن دەپ ھاقارەتلەيتتى . بىچارە ئايال بايلىققىمۇ تويدى . ئۆيقۇسى ھارام بولدى . سورۇنغىمۇ ، ئۆيۈن — تاماشاغىمۇ تويدى . پۇلى بارلار قانداق بولىدىكىن دىسە ئەسلى ئۇلارغا خوتۇن ئەمەس قۇل كېرەككەن ئەمەسمۇ ؟! ئۇ بىچارە بىر كۈن تىنىچ ئارام ئېلىۋالسا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بەخىت ئىدى ھەمدە بالىنى ۋە يۈۋاش-يۇمشاق ، ھاردىم —تالدىم دىمەي ئىشلەيدىغان بۇرۇنقى يولدىشىنى ئويلاپ كىتەتتى . بۇرۇنقى يولدىشى ئىشقىمۇ سېلىپ

كەتمەيتى . ئىتىپ بەرگەن تاماقتا شۈكرى قىلىپ تۇراتتى ، ئايالىنى ماختايتتى، پات-پات باغچىغا ئەكىرەتتى ۋە كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە ئاپىراتتى ، ھەي ......

مانا بۇ ھەقىقەت ، ئاتا-ئانىلار ھامان بىر كۈنى بالىلىرىنىڭ قىساسىنى تاتىپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ، ھەي قېرىنداشلار ئەمدى ئاجرىشىش جېڭى بولمىسۇن ، شۇ پەرزەنتلەرنى ، سەبى بالىلىرىڭلارنى دەپ بولسىمۇ ئاجراشماڭلار ، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن ، پەرزەنتىڭلار ۋە ئاتا-ئاناڭلار سىلەردىن رازى بولسۇن .

ئاجراشماڭلار ئەي ئاتا-ئانىلار ،

يىتىم قالمىسۇن سەبى بالىلار .

ئۆگەيگە تاپشۇرماڭلار پەرزەنتىڭلارنى ،

زۇلۇمغا قالمىسۇن نارسىدە بالىلار .

زۇلۇم قىلماڭلار سەبى باللارغا ،

تارتىپ قالىسلەر بىر كۈنى قىساسىنى .

يەۋالماڭلار يېتىمنىڭ مال مۈلۈكىنى ،

بىر كۈنى ئارتىۋالىسلەر بويىنىڭلارغا گۇناھىنى .

ئاجرىشىش سىلەر ئۈچۈن شۇنداق بىر جەڭمىدۇ ،

ئايال كىشى بىلەن تەڭ بۇلۇش سىلەرگە تەڭمىدۇر .

پەرزەنتىڭلارنى ئويلىمىدىڭلار سىرىتقا قاراپ ،

ئاياللىرىڭلارغا ھۆرپەيدىڭلار خېتىڭنى ئال دەپ .

ئاجايىپ ئىش بۇ پەرزەنتلەر شۇنداق ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىدىكىن ، بىر خۇتۇن بىلەنلا ئۆتەمسەن ؟ نىمە دەپ بىر خۇتۇن بىلەن ئۆتۈسەن ھەي دەپ ، 4 خۇتۇن ئېلىش پەرىز دەپ ئاجرىشىپ ، خۇتۇن ئېلىپ ، يەنە ئاجرىشىپ جىدەل ماجرا بىلەن بالا يىتىم قېلىپ يۇرۇشىدۇ .

بۇنداق ئاياللارنىڭ دىلىغا ئازار بىرىپ ، باللىرىنى يىتىم قىلىپ ، تولا ئاجرىشىپ سەتەڭلەرگە بۇزۇلغاندىن كۆرە ، قوتانغا كىرىپ

ياشىغان بولمىدىمۇ ؟ قىزلارنىڭمۇ يۈزىنى تۆكۈپ ، ئاتا-ئانىللىرىنى قاق-سەنەم قىلىپ يۈرگىچە ، بۇلار زادى قاچان توختايدۇ ، ئۆلگەندە توختامدۇ يە ؟ ئەينى چاغدا شۇ ئايالىڭمۇ كىچىك ساھىبجامال قىز ئىدىغۇ ؟ سەن نىمىشقا بۇنچە تىز يۈز ئۆرۈيسەن . .......

سىلەر مۇشۇنداق ھايۋاندەك يۈرۈۋەرسەڭلار ، ئاجرىشىپ توي قىلىپ ، يەنە ئاجرىشىپ بۇزۇلۇپ يۈرسەڭلار ، يەنى ئاخىرەتتە ئاياللىڭلار سىلەر بىلەن بىللە قوپارمۇ ؟ سىلارنىڭ جۈپتىڭلار بولارمۇ ؟ ئاجرىشىپ قويۋەتكەن ئاياللىڭلار باشقىلار بىلەن ياشايدۇ ، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولامدۇ ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇدە ، ئۇ چاغدا رەببىمدىن يەنە ماڭا جۈپتى بەرگىن دەپ سوراشقا يۈزۈڭلار چىدامدۇ ؟  بىچارە پەرزەنتىڭلارنى زۇلۇمغا ئۇچۇرتۇپ يېتىم قىلىپ يەنە مۇشۇ كۇنگە كەلگەندە خۇتۇن ئالامسىلەر ياكى خۇتۇنغا تويامسىلەر ، خۇتۇن مۇكاپات بولۇپ قالدىمۇ ؟ يەنە بىر قېتىم توي قىلىڭ دەپ . شۇكرى قىلىڭلار تۆۋە قىلىڭلار ، پەرزەنتىڭلارنى ئويلاڭلار ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاجراشماڭلار . يېتىم قالغان پەرزەنتىڭلارنى ياخشى بېقىڭلار ، ئۇ سىنىڭ پۇشتۇڭ ۋە بېقىش ھەققىڭ بار ،

رەببىگدىن قورققىن ، شۇ يىتىم پەرزەنتىگلارغا بەرمىگەن پۇل ، باشقا بالا-قازا بىلەن ەندىن چىقىپ كىتىدۇ .

ھەي قېرىنداشلار توي قىلغاندىمۇ ئالدىرماي ، ياخشى ئويلۇشۇپ ئاندىن قىلىگلار ، ئالدىراپ تەنتەكلىك قىلماگلار ، ھازىر مانا ياشلىرىمىز ئالدىراپ توي قىلىدۇ ، ئۇيۇنغىمۇ قانماي، ئىلىم-بىلىممۇ ئۆگەنمەي ، ناھايىتى يارماس بۇلىدۇ . خۇتۇن باللىرىنىمۇ باقالماي ، ئاخىرىدا يەنە شۇ بىچارە ئاتا-ئانىسى بېقىپ بىرىدۇ . ئاقىۋەتتە بىرەر يىلدىن كيىن بالىلىق بولۇپ بولغاندىن كيىن ئاجرىشىپ كىتىدۇ . قارىسا ياپ-ياش باللار ، توۋا ...... ئەجىبا ھەي قېرىنداشلار بىزلەردە ئاجرىشىش شۇنچىلىك تەرەققى قىلىپ كەتتىمۇ ؟ ئاجرىششتا بىرىنچى بولۇپتۇق . بىرەرسىمىزگە ئالتۇن مىدال ياكى كۇمۇش مىدال بەردىمۇ ؟ ياق . بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەسكى ناچار نامى چىقىپ كەتتى خالاس . شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ، شىنجاڭدا ئەر-ئايالنىڭ ھۆرمىتى يوق ئوخشايدۇ ، چۇقۇم بىر يىرى بار چۇقۇم قىز-ئوغۇللار ياخشى ئەمەس دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىغا پۇرسەت تېپىپ بەردۇق . ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ ئاجراشماسلىقنى رەببىمدىن تىلەيمەن . ئاجراشماگلار نىكاھىگلارنى قەدىرلەگلار ، پەرزەنتىگلار يىتىمچىلىكتە قالمىسۇن .

# ھەشەمەتچىلىككە ۋە يالغانچىلىققا تولغان دۇنيا

شۇنداق ئادەملەر باركى ئۇلار بىر سورۇندا ئولتۇرۇۋېلىپ قىپ-قىزىل يالغان قىلىپ پاراڭلىشىدۇ ، مەن قانداق بىيىپ كەتتىم ، ئانداق نوچى تونۇشۇم بار ، شۇنداق باي تۇققۇنۇم بار دەپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇنداق يالغان گەپ قىلىشلىرى بولسا پەقەتلا ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كەينىدە قالدۇرماسلىق ھەم بۇ سورۇندا ئۆزىنى راسا بىر كۆرسىتىۋېلىپ چىقىپ كىتىش ، ھىچ بولمىغاندا ئازغىنە بولسىمۇ نام چىقىرىۋېلىش ، باشقىلار ئالدىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش خالاس . ئويلاپ بېقىڭ سىز 10 مىڭ يۈەنلىك داستىخاندا ئولتۇردىڭىز ، شۇ پۇلنى ئەلۋەتتە ئازغىنە تاماق يەپ ، شۇ پۇللارنىڭ كۆپرەكىنى خەير-ساخاۋەتكە ئىشلەتسەڭلار نىمىدىگەن ياخشى بولاتتى ، ئاللاھىم رەھمىتىنى سىلەردىن تېخىمۇ ئايىمىغان بولاتتى . ھازىر يالغانچىلىق كۆپىيىپ كەتتى ، ئاتا-ئانىغىمۇ ، دوس-بۇرادەرلىرىگىمۇ ، خوتۇن- باللىرىغىمۇ يالغاننى كۆپ دەيدۇ ، ئاتا-ئانىلىرىمىز بەرگەن پۇلنى ئىشلەتتۇق دەپ يالغان ئېتىپ شۇ ھاراق سورۇنلىرىغا ھەرۋاقىت شۇ سورۇنلاردا ياشايدۇ، ھاراقلار

تېخى گۆشتىن قىممەت ئىكەن ، هالال بولغان بولسا قانچە قىممەت بولغىيتى ، هېلىمۇ هارام دەپتىكەن ، شۇ سۇرۇننى ئوقۇشسىز قالغان ، قېرىپ قالغان ياشانغان ئاتا-ئانىلارغا ۋە يېتىم قالغان بالىلارغا بەرسەڭلار ئىمدىگەن ياخشى بولاتتى بىر كۈنى ئاشۇ ئاشۇرۇپ قويغان ۋە ئۇرۇنسىز خەجلىگەن پۇللارنىڭ قىساسىنى تارتىسلەر ، بەدەل تۆلەيسلەر . بۈگۈن باي يۈرگەن بولساڭلار ، مۇشۇ ھەشەمەتچىلىكىڭلار مۇشۇ يالغانچىلىق قىلغىنىڭلارغا بىركۈنى گاداي ياشايسلەر . بىر نانغا زار بولۇپ ، گاداي بولۇپ ياشايدىغان ۋاقتىڭلار ھەم كىلىشى مۇمكىن . شۇڭا كۆپچىلىك ھەشەمەتچىلىك قىلماي ، راستچىل ، يالغان گەپ قىلمايدىغان ، ھەققەتچىل ئادەم بولۇشنى چىن يۈركىمىزدىن تىلەيمىز .

# ھەممەيلەن تۇپراقىا قايتىمىز

بىز ھامان بىركۈنى تۇپراققا قايتىمىز، تۇپراق بىلەن باپ-باراۋەر بۇلۇپ كىتىمىز . ھەي ئىنسان ياخشىلىق قىل ھىدايەت تاپىسەن . ئەپۇچان ، كەڭ قورساق بولغىن ، تۇپراق سىنى قوينىغا ئالىدۇ ، ئەگەر زۇلۇم قىلغۇچى بولساق تۇپراق سىقىپ چىقىرۋىتىدۇ .

ئەي ئىنسانلار تۇپراقنى قەدىرلەڭلار ، ھۆرمەتلەڭلار تۇپراق بېشىدا ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتچىلىك قىلماڭلار ، بىز نەچچە ۋاقتتىن بىرى نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ تۇپراق بېشىغا تۆمۈر قەپەزلەرنى قىلىپ قويغىنىنى كۆردۇق . بۇ نىمە قىلغىنىڭلار ئۇلارنى قەپەز ئىچىگە سولاپ قويماقچىمۇ ؟ ئۇلار تۆمۈر بولسۇن ۋە ياكى دەل-دەرەخ بولسۇن ئۆتۈپ كېتىۋىرىدۇ ، ئۇنى رەببىم شۇنداق ياراتقاندۇر ، ھازىر بىر يەرلىكنىمۇ پۇلغا ئالىسلەر ئاز دىگەندە 10 مىڭ يۈەن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك پۇلغا ئالىسلەر ، ئۇنىڭ يەرلىكى كولاش ئۇچۇنمۇ خېلى كۆپ پۇل كىتىدۇ . ھەم ئۇنىڭغا ئىشلەيدىغان گەپ ، بەزىلەر

يەرنىڭ ئاستىنى سىمۇنتلايدىكەن ، موم قەغەز چاپلايدىكەن
كىتاپتا ئېنىق ئوتتا كۆيدۈرگەن نەرسىنى ئىشلەتمەڭلار
دىسە،مەسلەن سىمۇنتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ياسايدۇ ئەمەسمۇ
سىز سۇ ئۆتمەيدىغان مۇم قەغەز ئىشلىتىمەن دەيسىز،

ئۇنى چۇقۇم ئوتتا كۆيدۈرۈپ چاپلىمىسا قانداق تۇتىدۇ ،
سىلەرنىڭ چۇقۇم مۇشۇنداق قىلىشىڭلار شەرتمۇ ؟ بىر
ئىنسان يەرلىككە كۆمۈلگەندىن كىيىن ، 15~10 يىلدىن كىيىن
ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى سۇ قۇرۇپ ئاندىن كىيىن تۇپراققا قايتىدۇ
.ئاستىنى سۇ ياكى مۇم قەغەز قىلىۋەتسەڭلار ، بەدىنىدىكى سۇ
قانداق قايتىدۇ . سىلەر گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ
قىلىۋاتىسىلەر ، بۇنى بىلىۋاتامسىلەر . شۇ ئوتتا كۆيدۈرگەن
سىمۇنتلارنى ، قەغەزلەرنى يەرلىكنىڭ ھەممە تەرىپىگە
پۈركۈيسىلەر بۇ قىلىشىڭلار ئادىللىق بولدىمۇ ، قەپەزلەپ
ھەممە تەرىپىنى ئېتىۋاتىسلەر ، بۇنداق ھەشەمەتچىلىك قىلىپ
نىمە قىلىسىلەر ، بەزىلەر باركى يەرلىككە ئۆي سالىدۇ ، چوڭ
قىلىپ 100~ 50 كۋادىرات مىتىر كىلىدىغان ، بۇ نىمە
ئىشتۇر بىلمىدۇق ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى نەدە قالدى ،
ياكى ئۆزۈڭلارنىڭ پۇللىرى تېشىپ چىقىپ كەتتىمۇ بۇنى
بىلمىدۇق ، مەيلى سىز ئالتۇن قەپەز قىلىڭ ياكى كۈمۈش

قەپەز قىلىنىڭ ياكى ياقۇت          بىرلىيانت قىلىنىڭ ياكى تۇپراقتىن قىلىنغانلار ، ئاتا-ئانا ھەقىقى مۆئمىن بولسا ، رەببىم ئۇنى جەننەتتىكە          مۇيەسسەر قىلىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھلىرى كۆپ ، زۇلۇم قىلغۇچى بولسا، سىز مىڭ ئالتۇن قەپەزنىڭ ئىچىگە كىرۋالسىڭىز ئۇ ھامىنى سىزنى دوزاققا مەھكۇم قىلىۋرىدۇ .قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا ئۇ ئالتۇنلىرىڭىز ، ياقۇتلىرىڭىز قۇمدەك ئۇۋۇلۇپ سۇرۇلۇپ كىتىدۇ ، شۇ كەتكەن پۇللارنى مەسچىتكە ، يىتىم-يىسىرلارغا ياكى كۆۋرۈك سېلىش ئىشلىرىغا ئىشلەتسىڭىز كۆپ ساۋاپقا ئېرىشىسىز، قىيامەت بولغۇچە شۇنىڭ ساۋابى ئاتا-ئانىڭىزغا ھەم يىتىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ ئەلۋەتتە ، سۆزلەپ دىسە بەك سۆزلەيسىز . يەنى قەبرىنى بەك بىزىۋەتسە روھلار ئازابلىنىدۇ ، روھلار چۈشكۈنلىشىدۇ دەپ كىتىسىز ، لىكىن ئۆزۈڭلار دەپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىسىلەر ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ ، ئويلاپ بېقىڭلار ئۆلگەن ئادەم ئۇ بايلىقلارنى نىمە قىلىدۇ . ؟ سىز ئۇلارنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسىڭىز ، ھەر جۈمەدە بېرىپ دۇئا قىلىڭ ، كۆپ ئەسلەڭ ، سىغىنىڭ ۋە رەببىمىزدىن گۇناھىنى تىلەڭ ، جەننەتتى بولۇشنى بولۇشنى تىلەڭ ، ھەر ياخشى ئىش قىلغاندا شۈكرى قىلىپ . ساۋابىنى ئاتاڭ، ھەر تاماق يىگەنلەردە دۇئا قىلىڭ، سىلەر ياغلىقمۇ ئارتماي ، كەيىپ-ساپا قىلىپ تۇپراققا

دەسسەيسلەر ، ئۇ يەردە ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان ئورۇنداقلاردا ئولتۇرۇپ رەسمگە چۈشۈپ كتسلەر ۋە پەخرلنىپ كتسلەر ، سىز ئۇ يەردە ئوك تەرەپتە ئولتۇرغاندا دادىڭزنىڭ ئوڭ مەدىسگە ، سول تەرەپتە ئولتۇرغاندا سول مەيدىسگە يۆت تەرەپتە ئولتۇرغاندا يۆتىغا ، باش تەرەپتە ئولتۇرغاندا بېشىغا دەسسەپ ئولتۇرغىنىڭزنى بىلەمسىز ، قىسقىسى باشقىلارنىڭ ئالدىدىن توغرىسىغا كسىپ ئۆتمەڭلەر ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتمەڭلار ، يۆتىدىن ئاتلىماڭلار ، يېنىغا كىلىپ-كتىپ يۈرمەڭلار دەيدۇ ، سىز ئاتا-ئانىڭزنىڭ تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ ، قەپەزگە ئالغان تۇپراق ئالدىدا پەخرلنىپ ئولتۇرۇپ كتىدىكەنسىز ۋە ئايالىرىڭلارنىڭ چاچلىرى ھەرخىل رەڭدە بوياقلىق ، ئولتۇرۇپ رەسمگە چۈشۈپ كۈلۈپ كتسلەر ، ئەجىبا مازارلىق سىز كۆڭۈل ئاچىدىغان ، كۈلىدىغان جايمۇ ؟ ئىنسان بولغانكەنمىز ھامان بىر كۈنى شۇ يەرگە بارىمىز ، سىز ئۇنداق قىلىپ كەتمەڭ ، ھازىرغۇ 2 قەۋەت قىلىدىغان بۇلۇپ كەتتى . سورىساق يۆل كتىدىغان تۇرسا شۇڭا 2 قەۋەتلىك قىلدۇق دەپ ، ئۈلۈپ كەتتىڭىز سىز بىر ئەر كىشى ، ئايالىڭىز . بالىڭىز ، قىزىڭىز ئۈستىگە قۇيالامدۇ ، ھەقىقەتەن يەرلىك قىسىلىشىپ كەتتى ، خۇدايىم ئۆزى ئەپۇ قىلار ، بۇ تۆۋەندە قىلغان

ھەشەمەتچىلىكىمىز، ئۆلگەن كىشىللىرىمىزگە ھەققەتەن بىر ئازاپ ئېلىپ كىلىدۇ . بەزىلەر باركى تۇپراق بېشىغا بېرىپ تاماكا چىكىپ ئولتۇرۇپ كىتىدۇشۇنىڭ ئورنىغا خەتمە قۇرئان قىلسا بولىدىغۇ ، تاماكاچىكىۋېتىپ ھەي ئىسل ئادەم ئىدىڭ دەپ قۇيۇپ كىتىدىغانلارمۇ بار ئەلۋەتتە . تۇپراق بېشىغا تەرەت بىلەن چىقىڭلار، يامان بولىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار دەپ شەرىئەتتە يىزىقلىق ، مەيلى باشقا كىشلەر بولسۇن ، باشقا ئىرىقتىكى كىشلەر بولسۇن،كۆپۈنچە كىشلەر مازارغا چىققاندا ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ ئەلۋەتتە ، ئەجبا سىزنىڭ ھۆرمەتلىشىڭىز شۇنچىلىكمۇ ؟ ھەي قېرىنداشلىرىم ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن ، شۇ چېچىۋاتقان مال-بىساتىڭلارنى ، ھەشەمەتچىلىك قىلغان شۇ بايلىقىڭلارنى ، ئاتا-ئاناڭلارغا ئاددىيغىنە بىر يەرلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئابىدىسىنى تىكلەپ ، قالغان ئېشىنچە پۇللارغا يول ياساڭلار، قىيامەت كۈنى بولغۇچە شۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ ساۋابى ئاتا-ئاناڭلارغا ۋە سىلەرگە قىيامەت كۈنىگىچە يىتىپ تۇرىدۇ ، ناۋادا بىر يول سالغان بولسىڭىز رەببىمنىڭ قۇدۇرتى بىلەن شۇ يول بۇزۇلمىغان بولسا بارلىق كىشلەر شۇ يولدىن ماڭغان بولسا ، بارلىق ساۋاپ يەنە شۇ ئاتا-ئانىڭىزغا بولىدۇ ، ئەجبا سىز ئاتا-ئانىڭىزنى ھەسرەتتە ، ئازاپتا قويماقچىمۇ ؟ ياكى ئۇلارغا بىرەر ساۋاپ ،بىرەر ئەجىر ۋە

بىرەر دۇئا بىرەمسىز . ئاتا-ئانائىلار ئۆلۈپ كەتسە مىراس تالىشىسىلەر ، مىراس دەپ بىر بىرىڭلاردىن كىچىپ كەتكىلى تاس-تاسلا قالىسىلەر ، جودا چىقىرىسىلەر ، مىراسنى ھەقىقەتەن ئادىل بۆلۈشۈڭلار ، ۋە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بىرىڭلار ، بەك بولمىسا ئىمام خاتىپلارنى تەكلىپ قىلىپ ، ئادىللىق بىلەن ھە قىلىڭلار ، زىدىيەتلىشىپ قالماڭلار ، قىسقىسى سىلەگە مىراس قالدۇرغىنى ، سىلەرنى چىرايلىق بېقىپ چوڭ قىلغىنى ، ئىش قىلالىغۇدەك ، يۈلنى تېپىپ ماڭالىغۇدەك قىلالىدىغۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ مېھنىتىدۇر ، ئەجرىدۇر ، ئەگەر مىراس دىسەڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ياكى بولمىسا سەن ھايات قاپسەن سەن دادمىنىڭ مىراسى دەپ بىر-بىرىڭلانى قۇل قىلىڭلار، ھەي ئىنسان ئەجىبا سەن شۇنداق قىلماقچىمۇ ؟ تۆۋە قىلايلى ، پۇشايمان قىلايلى ، مېھنەت بىلەن ياشايلى ، تۇپرىقىڭنى قەدىرلە ،ھۆرمەت قىل،مازارلىققا سىز زىيارەتكە بارسىڭىز بولىدۇ ، شۇ يەرنى كۆرۈپ تۆۋە قىلىڭ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزمۇ مۇشۇ يەرگە كىرىمىز ، بىزمۇ مۇشۇنداق ئۆلۈپ كىتىمىز دەپ تۆۋە قىلىڭ . ئۇ يەر قاقاقلايدىغان ، كۈلۈدىغان، رەسىمخانا قىلىدىغان جاي ئەمەستۇر ، ھۆرمەتلىك ئورۇندۇر .

هۆرمەت قىل سەنمۇ بىر كۈن  كىتەرسەن،

چىققاندا سەن تۇپراق بېشىغا.

هەر كىم بۇ دۇنيادىن  ئايرىلاركەن بىركۈن ،

يەيدىغان رىزقى تۈگەپ، توشقاندا يېشىغا.

پاك كىشى بول هەر ۋاقىت ، هەر زامان ،

توپا سالما هەركىمنىڭ ئېشىغا.

ناچار ئىللەت يۇقتۇرۋالما سەن ،

بىر كۈن چىقىپ قالىسەن ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا.

زۇلۇم قىلما هەي بەندە باشقىلارغا هەشەمەتچىلىكىڭدىن،

سەن قارامسەن ئاجىزلارنىڭ كۆزىدىن چىققان يېشىغا.

قىيرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن شۇ داداڭنىڭ غېرىبىدىن ،

كۆرگەنمىتىڭ سەن سىنچىلاپ چىچىغا.

قەپەز قىلما ئەي ئىنسان ئۇ بىر ئادەمدۇر ،

ھەشەمەتچىلىك قىلما ئۇلارغا ۋاپات بولغاندۇر ،

ئەجىردىن دۇئا قىل ، ساۋاپ قىل باشقىلارغا.

ئاجىزلارنى يۆلەپ ، ھەرۋاقىت ياردەمدە بولغىن ئاتا-ئاناڭغا

# قىيامەت قايىم بولغان چاغدا

قىيامەت دەپ ئويلىساق ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشۈپ تۆۋبە قىلىشنى ئويلايمىز . بىراق قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز . بىلگۈچى پەقەت رەببىمدۇر . بىز كۆپكە قادىر ئەمەس . كۆپنى بىلمەيمىز . ئاللاھنىڭ غەيىپ ئىلمىگە خاس 5 تۈرلۈك ئىش بولۇپ ئىنسان ئۇنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ . ئىنسان قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ، يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى ، قورساقتىكى ھامىلىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ، ئەتە نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ قەيەردە ، قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . ئۇ ئىشلارنى پەقەت ياراتقۇچىمىز بىلگۈچىدۇر . شۇڭا تۆۋبە قىل ، پۇشايمان قىل ، ھاياتىڭنى قەدىرلە . ھەربىر ۋاقىت ، ھەربىر ھايات ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ كۈن يەنى قىيامەت كۈنى كەلسە بۇ زىمىننىڭ ھەممىسى تۈپتۈز بولۇپ كىتىدۇ . سىنىڭ

ھەشەمەتلىك سارىيىڭ ، پۇل – مال دۇنيالىرىڭنىڭ ھەممىسى يوق بولۇپ تۇپراققا ئايلىنىپ كىتىدۇ . بىراق شۇ چاغدا ساڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدىغىنى تەقۋالىقىڭ ، ساۋاپلىق ئىشلىرىڭ ۋە باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭدۇر . قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىزگە ئاياندۇر . ۋە ئۇنىڭ ئالدىن بولىدىغان چوڭ – كىچىك ئالامەتلىرى قۇرئان ، ھەدىسلەردە ناھايتى ئېنىق سۆزلەنگەندۇر . تەپسىلى بىلمەكچى بولسىڭىز قۇرئان، ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىڭ .

رەببىم ئاللاھ زىمىننى ياراتتى . بىر كۈنلەردە قىيامەت قايىم بولۇپ بۇ زىمىنىنىڭمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقىغا ۋە شۇ كۈننىڭ چۇقۇم كىلىدىغانلىقىغا ھەممەيلەن شەك – شۈبھىسىز ئىشىنىمىز .

مەسلەن ئېلىپ ئېيتساق : 3 كۈننىڭ ئالدىدا بىزگە تۇيۇقسىز بىر خەۋەر كەلدى دەيلى . خەۋەردە 3 كۈندىن كىيىن قىيامەت قايىم بولىدىغانلىقىنى ۋە قۇياشتىن ئېتىلىپ چىققان بىر ئوت شارىنىڭ يەر شارىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ . كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ زامان ئەنسىزلىككە چۈمدۇ ۋە دەرھال مال – دۇنياسىنى ئېلىپ تەرەپ – تەرەپكە قېچىشقا تەييارلىنىدۇ . مانا بۇ ئۇختۇرۇش ھازىر يىتىپ كەلدى .

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇياشتىن مۇداپىئەلىنىمىز دەپ پاتپاراقچىلىققا چۈمدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارمۇ يوق ئەمەس بار ئىدى . جان دىگەن تاتلىق نەرسە ھە ! ئۇلار يەرنىڭ ئاستىغا ۋە دېڭىزنىڭ ئاستىلىرىغا كىرىۋېلىشقا ئورۇناتتى . مانا بارلىق كىشىلەر كوچىلاردا ئۇياقتىن – بۇياققا يۈگۈرمەكتە ئىدى . بۇ ئەمدى نىمە يۈگۈرۈش ؟! خىزمەتكىمۇ ياكى جان بېقىشقىمۇ ؟ بەزىبىر جاندىن تويغانلار قاراملارچە سودا – سارايلارنى چاقماقتا ۋە بەزىلەر قالايمىقان يەپ – ئىچىپ ئىسراپ قىلماقتا . يەنە بەزىلەر ئۆز – ئارا نامايىش كۆتۈرۈپ جېدەل – ماجرا قىلماقتا . بىراق بۇنداق قىلغانىنىڭ نىمە پايدىسى ؟ ئۇ نىملا قىلمىسۇن ھامىنى ئۆلىدۇ دە ! ۋە يەنە بەزىلەر باشقا پىلانىتلارغا چىقىپ كىتىشنىمۇ ئويلايدۇ . بىراق ئۇنتۇپ قالماڭلاركى ئۇ كۈندە يالغۇز بىر يەر شارىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئالەمنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئىنسان ئەسلا بىلمەيدۇ . بۇنى بىلگۈچى رەببىمدۇر . شۇ ۋاقىتتا بىر بۆلۈك كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ قورقۇنچتىن يىغلاپ رەببىگە دۇئا قىلىشاتتى. ۋە يەنە نۇرغۇنلىرى مەسچىتكە بېرىپ رەببىگە يېلىنىپ نىدا قىلاتتى . بۇ كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ كىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ، قورقۇنۇچلىرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى . كۆز ياشلىرى سەلدەك

ئاقاتتى . ئۇلارنىڭ ئاھۇ — پەريادى زىمىننى بىر ئالغاندى . شۇ ئەسنادا ئىككى بوۋاي سۆھبەتتە بولۇپ قالدى . بىر بوۋاي :

- مەن قورقىۋاتىمەن دىدى . يەنە بىرى :

- نىمىدىن قورقىسەن قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ دىدى . ھېلىقى بوۋاي :

ئەجەبا سەن قورقمىدىڭمۇ ؟ مەن ھەقىقەتەن قورقۇپ يىغلىدىم . ئۇنداقتا سەن نىمىشقا يىغلىدىڭ دىدى . ئۇ بوۋاي :

-مەن رەببىمنىڭ جامالىنى كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا پاك بارالماي قېلىشىمدىن قورقىۋاتىمەن . مىنىڭ نۇرغۇن باللىرىم بار ئىدى . ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلىدىم . تۆۋبە قىلىڭلار دىدىم . بەزىلىرى تۆۋبە قىلدى . يەنە بەزىلىرى بولسا ھېلىھەم شۇ پېتى . شۇ باللىرىمنىڭ تۆۋبە قىلالماي گۇناھكار ھالەتتە كىتىپ قېلىپ دەۋزەخكە چۈشۈپ كىتىشىدىن ۋە رەببىمنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇپ كىتىشىدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن دەپ جاۋاپ بەردى ۋە ھەمراھىغا سۇئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى . ئۇ بوۋاي بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ :

- توغرا مەنمۇ قورقىۋاتىمەن . بۇرۇن مىنىمۇ تۆۋبە قىلغىن دىسە ئۇنىماپتىكەنمەن . تېخىچە مۇشۇ ئۇيۇندىن بىشىمنى

كۆتۈرەلمەي ، مال — دۇنيادىن تېخى مېھرىمنى ئۈزەلمەي ، جۇمەگىمۇ چىقماي ، جامائەتكىمۇ ئارلاشماي غەپلەتتە يۇرۇپتىكەنمەن . ھەي ........ ! ئالالاھنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ جاۋاپ بىرەرمەن ، ئەمدى بولسىمۇ تۆۋبە قىلاي دەپ غەمگە چۆككىنىچە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يىغلاشقا باشلىدى بوۋاي .

قۇياش يەنىلا پارقىراپ نۇرلىنىپ تۇراتتى . ھاۋانىڭ كىلىماتى بارغانچە ئۆرلەشكە باشلىدى . تۈنۈگۈنكى 38 گىرادۇسلۇق تىمپىراتۇرا مانا بۈگۈن بىراقلا 48 گىرادۇرۇسقا ئۆرلىدى . ھەممە كىشى ۋەھىمىگە چۈشتى . ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالدى . ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شەيتان لەنتى : يىراقلارغا قاچقىن ، يەر ئاستىغا ياكى مەسچىتكە كىرىۋالغىن ئۆلمەيسەن ، ھېچبولمىسا دۇئا قىلىۋالارسەن دىگەندەك ۋەسۋەسىگە سالاتتى . بىراق كىچىك ، سەبى باللار بۇنداق قورقۇنچ ، ۋەھىمىدىن خالى ئىدى . چۈنكى ئۇلارغا گۇناھ يېزىلمىغاندۇر . ھەي !!! گۇناھى ئېغىر كىشىلەر قانداق قىلار ؟ بەزىلەر ئەخمەقلىق ۋە نادانلىق قىلىدۇ . ئۇلار يەنىلا ئىچىۋالايلى ، تاماشا قىلىۋالايلى دەپ سورۇنلاردا ئويناپ يۇرۇشمۇ مۇمكىن .بۇنى رەببىم ئۆزى بىلگۈچىدۇر . قىيامەت كۈنى بەلكىم مەسچىتكە كىرمەيدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قېلىشى مۇمكىن . بۇنى

بلگۈچى رەببىمدۇر . قۇياش يىتىپ كىلىدىغانلىقىغا يەنە بىر كۈن ۋاقىت قالدى . تىمپىراتۇرا 57 سىلسىسىيە گىرادۇسقا ئۆرلىدى . بۇ تىمپىراتۇردا قېرى – ياشانغانلار ۋە سەبى كىچىك باللاردىن ئوت كەلمەستىن بۇرۇن قازا قىلغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى . نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىسسىقتا ۋە ئوتتا كۇيۇپ ئۇلۇشتىن قورقۇپ ئېسىلىپ ئۆلىۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئۆزىنى ئىگىز بىنادىن تاشلىغانلار ۋە دورا ئىچىپ ئۆلىۋالغانلارمۇ كۆپ ئىدى . پۈتۈن زىمىن جەسەت پۇرايتتى . ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغانمۇ ئادەم يوق ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن قالغان ئىدى . ھەي!!! بۇنداق ئالدىراپ ئۆلىۋالغاننىڭ نىمە پايدىسى ؟ بۇنداق ئۆلىۋېلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ سەبىر - تاقەت قىلىپ تۇرسا هامان ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ ؟ دىيىشىپ كەتتى ئەتراپتىكى مۆئمىنلەر .

ئاردىن بىر كىشى تۇرۇپ : ئەي قېرىنداشلار بىز ياشاپ مۇشۇ كۈنگە كەپتۇق . ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنى بولسا نە ئىلاج . تەسلىم بولماي ئامال يوق . بىز دىگەن ئاجىز بەندە . رەببىمنىڭ قۇللىرى بىز . ھەي دۇنيا يېشىڭ توشۇپتۇ دە ! سەن ھېلىھەممۇ بىزنىڭ ئېغىرىمىزنى كۆپ كۆتەردىڭ . بىز شۇنچە ئېغىر گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ يۈزۈڭگە دەسسەپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ چىدىدىڭ .

بىراق قىيامەت قايىم بولىدۇ ، بىز كىتىمىز . سەن يەنىلا ئۆز ئورنۇڭدا قالىسەن . مانا بۇ رەبىمىنىڭ مۆجىزىسىدۇر .

مانا مەسچىتلەرگىمۇ جامائەت توشتى . ھەممىسى بارغانسىرى يىغلىشىپ دۇئا قىلىشىۋاتاتتى . كېچىسى ئادەمنى تېخىمۇ سۈر باساتتى . كېچىسى ئاسماندىن كىلىۋاتقان ئۇ قۇياشنىڭ ئۇتىنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ ئاستا — ئاستا كىلىۋاتاتتى . بىر ساپسېرىق 4 تال سىزىق بىز تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى . نىمىدىگەن تىز كەلگەن ھە !!!!!

ھەممە كىشىلەرنىڭ كۆزى ئاسماندا ئىدى . ھەي بەندىلەر مۇشۇ ئىشتىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭلارمۇ ؟ كىلىۋاتقان ئۇ ئەزرائىلنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تاشلايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟

بەزىلەر خۇددى ئىش بولمىغاندەك تېلۇنلارغا سۈرەتكە تارتىپ يۈرىشەتتى . بۇ بىر ئەخمەقلىقتە . ھامىنى ئۆلىدىغان ئادەم سۈرەتكە تارتىپ نىمە قىلىدۇ .تېلىفۇنمۇ بەربىر ۋەيران بولىدىغان تۇرسا !

مانا قىيامەت قايىم بولىدىغانغا يەنە 3 سائەتلا ۋاقىت قالغان ئىدى . كىشىلەرنىڭ قورقۇنۇچلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . تىمىراتۇرا 60 گرادۇسقا چىقتى . كىشىكەر نىمە ئىش قىلارىنى

بلمەي توختىماستىن ئۈياق — بۇياققا يۈگۈرىشەتتى . يەنە بەزىلەر : ئەي جامائەت قورقماڭلار ، قاچماڭلار ، دۇئادىن ئايرىلماڭلار دەپ خىتاپ قىلاتتى . بەزىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ ، نامايىش كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارشى چىقاتتى ياكى ئۆز — ئارا جېدەللىشىپ قان تۆكىشەتتى . ھەي........!

قىيامەت قايىم بولسا كىشىلەر مانا مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىغان گەپ. بەلكىم سىلەرمۇ « 2012 — يىلى »دىگەن فىلىمنى كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن . ھەم 2009 — يىلدىكى « زامان ئاخىر بولدۇ » دىگەن فىلىمنى ھەم كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن . بۇ فىلىملەردە « بۇ ۋەقەلەر تەبىئەتنىڭ سىلەردىن ئالغان ئۆچىدۇر . دۇنياغا ئاز بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭلارمۇ ؟ دۇنيانى ئاز كولىدىڭلارمۇ ؟ »دەپ ئېنىق ئېيتىلىدۇ .

مانا قىززىق ئوت شارى كېلىدىغانغا بىر مىنۇتلا ۋاقىت قالدى . ھەممە يەر جىمجىتلىققا تولدى . نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دۇئا قىلىۋاتاتتى ۋە سەجدىدە ئىدى . ئەتراپتىكى قۇشلارمۇ ئۇچۇشۇپ جىم تۇرمايتى . ھايۋاناتلارمۇ ئۇياقتىن — بۇياققا يۈگۈرۈپ قېچىشاتتى . ئاسماندا ساپسېرىق بىر ئوت لەيلەپ تۇراتتى . ياپپېشىل تەبىئەت ، سۇلار ، يېشىل دەل دەرەخلەر يەنىلا مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى . بۇ بەلكىم سىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

قېتىم قۇياشنى ۋە تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گۈزەللىكىنى كۆرۈشۈڭلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . شۇنداقلا قېرىنداشلىرىڭلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈڭلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ بىر منۇت تەۋبەڭلار ئۈچۈن قېلىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتۇر ۋە سىلەرنىڭ قورقماس يۈرۈكۈڭلارنىڭ ئىرىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقتىدۇر . مانا بۇ بىر منۇتمۇ توشتى . ئوت شارى يەر شارىغا چۈشتى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەر شارىدىكى دەل — دەرەخلەر ، ماشىنا ، بىنالار تۈزلىنىشكە باشلىدى . خۇددى 12 بال شامال 12 مىڭ بال شامال بولۇپ چىققاندەك دەل — دەرەخ ، بىنالار ئوت تەككەن هامان كۈكۈم — تالقان بولاتتى . ئىنسانىنىڭ يېنىغا كىلىپ بولغۇچە ئۈستىخانلىرىدىن تارتىپ ئىرىپ سۇدەك بۇلۇپ كىتەتتى . پۈتۈن يەر شارى ئوت شارىغا ئايلىنىشقا ئازلا ، دەقىقىلا ۋاقىت قالغان ئىدى . كىشىلەر ئوتتىن قورقۇپ ئۈركىگەن ئىشەكلەردەك ئۇياق — بۇياققا قېچىشاتتى . مۆئمىنلەر بولسا يەنىلا ئۆز جايىدا دۇئا قىلىشىپ جىم ئولتۇرىشاتتى . بەزىلەر ماشىنىدا قاچسا يەنە بەزىلەر يەر ئاستىلىرىغا ، ۋە سۇ ئاستىلىرىغا كىرىۋالغان بۇلۇپ ئۆلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا هالاك بولۇپ كەتتى . هەي........ ! پۈتۈن يەر شارى ئوتقا ئايلانغان تۇرسا سۇ قاينىماي قالارمۇ ؟ زىمىنىنىڭ تىگى كۆيمەي

قالارمۇ ؟ كىشىلەر ۋارقىراپ ، يىغلاپ چۇقان – سۈرەن قىلاتتى . بەزىلەر ئىگىز بىنالاردىن سەكرىمەكچى بولدىيۇ بىراق ئۈلگۈرەلمەي ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى . ھەش – پەش دىگۈچە مىنۇتتا قالماي پۈتۈن يەر شارى ۋەيران بولدى . ئەمدى كۆرىدىغىنىڭىز قىپقىزىل بىر ئوت شارىدۇر . يەر شارى ئاللىبۇرۇن بىر ئوت شارىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى . ئوت ئەۋج ئېلىپ كۆيىۋاتاتتى . بارچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئوتقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى . ئەمدى بۇ يەردە نە قۇش ، نە دەل – دەرەخ ، نە سۇ ، نە ئىنسان ھىچقانداق بىر ھاياتلىقتىن ئەسەر قالمىغان ئىدى . كەيىندىن يەنە بىر ئۇرۇلغان ئوت شارى بىلەن بۇ زىمىن تۈپتۈز بولۇپ كەتتى . ھەتتا بىر تال تۇخۇمنى قۇيۇپ قويسا نەچچە مىڭ كىلومىتىر يەردە تۇرۇپ كۆرەلىگۇدەك دەرىجىدە تۈزلىنىپ كەتتى . ئىنساندا ئەمدى ھاياتلىق دىگەن نەرسە قالمىدى .قالغىنى رەببىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت ........!

قىيامەت كەلدى دەپ ئەي دوستۇم ،

يۈگۈرۈپ قاچتىڭغۇ پالاقشىپ يەنە .

سەن دۇنيادىن چىقالمىدىڭغۇ ھىچ ،

يەنلا ھالاك بولدۇڭغۇ ئەنە .

تۆۋبە قىلىڭلار ئەي دوستلار ،
بىر كۈنلەردە قىيامەت كىلۇر .
شەك – شۈبھىسىز ئىشىنىڭلار ،
بۇ زىمىنىنىڭمۇ غەزىپى كىلۇر .

ئۆلمەيدىغان كىممۇ بار دەيسەن ،
تۈگمەيدىغان نىمىمۇ بار دەيسەن .
بۇ دۇنيادا ھىكمەت ئىگىسىدۇر رەببىم ،
ھەر ئىشنىڭ خاتىمىسى بار بۇنى بىلەمسەن .

يالغۇزلا يەر شارى ۋەيران بولامدىكىن دەپ قالما ،
ۋاقتى كەلسە ئاي شارىمۇ ھەم ۋەيران بۇلۇر .
9 پىلانىتتىنمۇ ھىچبىر ماكان چىقماس ساڭا ،

ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققاندا شۇ چاغدا بىلۇر .

ھىدايەت ئىگىسى يەنىلا رەببىمدۇر ،

ساڭا ھەر زامان رەھمەت قىلغاندۇر .

رەھمىتىنى ۋاقتىدا بىلمىسەڭ سەن ئەي ئىنسان ،

پۇشايماندا قالىسەن بۇ ساڭا بىرىلگەن بىر پۇرسەتتۇر .

# ھەقىقەت

ھەي قېرىنداشلار ھەقىقەت ھامان ھەقىقەتتۇر ، بىز بۇ « دۇنيا » دىگەن ئەسەردە نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى يىزىپ چىقتۇق ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر ، ھەممىسى بولۇۋاتقان ئىشلاردۇر، يەنىلا دەيدىغىنىم ھەي ئىنسانلار تۆۋە قىلايلى ، يىغلايلى ، پۇشايمان قىلايلى ، ئەمدىلىكتە بولسىمۇ پۇشايمان قىلمىساق ئۆلگۈرەلمەيمىز .

قىيامەت كۈنى يەر شارىنىڭ ۋاقتى توشقان كۈنىدە ، ھەرگىزمۇ سىلەرگە بىرەر ۋاقىت ياكى بىرەر چىسلا دەپ بەرمەيدۇ ، كەلسە تۇيۇقسىز كىلىۋىرىدۇ ، يۇقارقى« قىيامەت قايىم بولغان چاغدا » دىگەن ئەسىرىمىزدە ، بىز 3 كۈندىن كىيىن دىدۇق . بۇ دىگەن سىلەرگە بىرىلگەن پۇرسەتتۇر . سىلەرگە بۇ 3 كۈنلۈك ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر ، ئەزىزدۇر . قىيامەت بولسا قۇياشنىڭ قىززىقلىق ھارارىتى ئېشىپ ، نەچچە مىنۇتتىلا يەر شارىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ .

مانا بۇ ھەقىقەتلەر سۆزلىنىۋاتىدۇ . لىكىن بەزى كىشلەر ھەقىقەتكە كەلگەندە كۆزىنى يۇمۇۋالدى ، ئويلاپ بېقىڭ سىز ئالدىڭىزدا ھاراق ئىچىپ ياتقان بىرسىنى كۆردىڭىز ، لىكىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمىدىڭىز ، سىزنىڭ نەسىھەت قىلىش مەسئۇلىيتىڭىز بار ۋە باشقىلار يىقىلىپ چۈشتى ، ئەمما سىزنىڭ ئۇنى كۆرمەسلىككە سالسىڭىز بۇ ئادىللىق بولامدۇ ، ياكى كۆرمەسكە سېلىۋالدىڭىزمۇ ؟ مانا سىز نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى ۋە ھەق ئىشلارنى ، ھەق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ،كۆرۈپ تۇررپ ئۇنى كۆرمەسلىككە ، ئاڭلىماسقا سالدىڭىز ، ئەمدى دەڭ ، سىز ئۆزىڭىزنى بىر مۆئمىن پەزىلەت ئىگىسى دەمسىز .

ھەي ئىنسان يەر شارى قىيامەت كۈنى تۈگەپ ، زىمىن ئاخىرلىشىپ ، سەن ئۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھاياتقا قاراپ ماڭسەن ، يەنى مەشھەرگاھقا يىغىلغاندا رەببىمنىڭ دەرگاھىغا بارسەن . ئۇ ۋاقىتتا سىنىڭ گۇناھىڭ بولسا ھەقىقەتەن ئازاپتىن قورقۇپ يىغلاپ خۇددى مىڭ يىلدا بارغان بولساڭمۇ ھازىر بارغاندەك ھىس قىلىسەن . ئەگەردە سەن ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك مۆئمىن بولغان بولساڭ خوشاللىق بىلەن رەببىمنى سېغىنىپ ئاھ ئۇرۇپ ، يىغلاپ تۇرۇپ ، رەببىمنىڭ قېشىغا

بارسەن ، قىيامەت كۈنى يەنى مەشھەرگاھتا سەن ھېچكىمنى تونۇيالمايسەن . ھەتتاكى يېنىڭدا تۇرغان ئاتا-ئاناڭنى ، بالىلىرىڭنى ۋە دوستلىرىڭنى تونۇيالمايسەن .

ھەي ئىنسان سەن شۇ كۈنى يەنى قىيامەت كۈنى ئوتتىن قورقۇپ شۇنچە ۋارقىراپ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدۈڭ. لېكىن مەشھەر كۈنى ئۆز يەرلىكىڭدىن تىرىلدۈرلۈپ يىغلىدىغان ئۇرۇنغا ماڭغان ۋاقتىڭدا قانچىلىك قورقاسەن . شۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ گۇناھلىرىنى كۆرۈپ ، شۇ گۇناھلىرىڭنى سىغدۇرالماي يىغلاپ ۋارقىرايسەن بىراق سەن كىچىكتىڭ، سەن بەرى-بىر ئاللاھنىڭ ئالدىغا كەپ بولدۇڭ . بۇرۇنمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىدىڭ . ھېلىھەممۇ شۇنداق بولدۇڭ، ئەمدى مەڭگۈلۈك ئازاپ دۇنياسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن ، بۇرۇن سەن ساتقان بالا ، سەن چەككەن ئاق ، سەن قىلغان كەيىپ ، سەن زۇلۇمغا ئۇچراتقان بالىلارنىڭ قىساسىنى ئەمدى تارتىسەن . بۇرۇن قىلغان زىنا-ھەۋەسلىرىڭ بۇلارنى بىر-بىرلەپ تارتىسەن ۋە جاۋابىنى بىر-بىرلەپ بېرىسەن ، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر .

خالىسا مىنۇتنىڭ ئىچىدە بارلىق بەندىلىرىنىڭ سۇئال سورىقىنى سوراپ بولىدۇ . شۇ كۈنى بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ شاپائەتچىسى بولغان ئۇمۇدىمىز « مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسسەللەم » نىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن ئىزا تارتقىن ، قورققىن ھەي ئىنسان .........

ئەگەر سەن ھەقىقى بىر مۆئمىن بولساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئەجىر ساۋابلىرىدىن ، مىھنەتلىرىدىن ، ماللىرىڭلاردىن خوش بۇلۇپ ، رەببىمنىڭ ئالدىغا كۇلۇپ تۇرۇپ ، يىغلاپ تۇرۇپ ، ھەي رەببىم سىنى سىغىندىم ، جامالىڭغا تەشنا مەن دەپ يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ سىغىنىشتا بارسەن . ھەي ئىنسان سەن بىر تۇنۇرغا 5 مىنۇت پۇتۇڭنى يىقىپ تۇرالامسەن ، ؟ ساڭا ھاياتىڭدا 5 ملىيون بىرىمەن دىسە قىلالامسەن ، ؟ ئەلۋەتتە قىلالمايسەن ، ئەمسە دوۋزاھتا ھارام ئىشلارنى قىلىپ ، يامان ئىشلارنى قىلىپ 5 ملىيون يىل ياتقۇڭ بارمۇ ؟ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىر ئۆمۈر ياتقۇڭ بارمۇ ؟ ھەقىقەت شۇنى دەيدۇكى ئەمەللەرگە توغرا قارا ، پەرىزلەرنى ئادا قىل . سۈننەتلەرنى ياخشى ئۆگەن ، چۈنكى شۇلارنى قىلغان ياخشىلىقلاردىن ، ئەخلاق پەزىلىتىدىن ئۆزۈڭگە ساۋاپ تاپسەن ۋە ئەجىر ئالسەن . ئالدىڭغا كەلگەن قانداق بىر كىشى بولسۇن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن . ياردەم قۇلۇڭنى سۇنغىن ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياردەم بەر ، شۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭ

ساڭا ھەمراھ بولىدۇ ۋە گۈزەل جەننەتلەرگە باشلايدۇ . شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ .

شەيتانىنىڭ كەينىگە ئەمدىلىكتە كىرىۋەرسەڭ ، ئاقىۋەتتە شەيتان ساڭا ھېچنەرسە بەرمەستىن ، بەلكى يىتىلگەن پېتى دوۋزاخقا ئەكىرىپ كىتىدۇ خالاس !!!

ھەقىقەتتە شۇنى ئېيتىدۇلەركى ، ھەي ئىنسان بۇ دۇنيادا قىيامەت قايىم بولمامدىكىن دەپ قالماڭلار ، بىركۈنى بولىدۇ . بىراق ئۇنى بەندە بىلمەيدۇ ، بىلگۈچى بىر ئاللاھتۇر ، ياخشى پەزىلەتلىك كىشلەردىن بولۇڭلار . باشقىلارغا زۇلۇم قىلماڭلار ، مەن رەببىمگە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ شۇنى دەيمەنكى ، ھەي رەببىم بەندىللىرىڭنى ھىدايەت قىلغىن ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن سىنى سېغىنىمەن ، سىنى ئەسلەيمەن ، سەن ئۇچۇنلا يىغلايمەن ، ساڭا ئاشىقمەن ، ساڭا بولغان سۆزلىرىم ، كۆزياشلىرىم ھەر ۋاقىت سىنىڭ يولۇڭدىدۇر ، ھەر ۋاقىت سىنىڭ قولۇڭدىدۇر . ساڭا سېغىنىپ سىنى ئەسلەپ ، سەندىن كىشلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تىلەپ ، ھەر بىر كىشنى ئۆز پەزىلىتىنىڭ بىلەن ئاللاھىم ، ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇلارنى دوست قىلغىن ، ئۆزۈڭگە يېقىن قىلغىن ، ئۇلارنى ئازاپتىن كەچۈرۈم قىلغىن .
ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ رەببىم ئاللاھ ...

كۆردۇگمۇ ھەي بەندە بۇ جاھاننى ،

بىر كۈنى ئاخىرلىشىدىغىنى بۇ ھەقىقەت .

تۆۋە قىلغىن ، پۇشايمان قىلغىن سېغىنىپ رەببىمنى ،

بىر كۈنلەردە دوۋزاھقا تاشلىنىشمۇ بۇ ھەقىقەت .

شۇنچە ئۇزۇن ياشاپتۇق بىز دۇنيادىن قېچىپ ،

قاچساقمۇ يەنە بېرىپتۇق رەببىم ئالدىغا .

بىر كۈنى مەشھەرگاھ كۈنى يېتىپ كەلگەندە ،

زار بولۇپ يىغلىمىز بۇ بىر ھەقىقەت .

دۇئا قىلغىن ھەي ئىنسان بارچە ئۈممەت قېرىنداشقا ،

دۇئايىڭدىن مەغپىرەت بولسۇن ، ئازابىدىن بۇ ھەقىقەت .

كىتىپ قالساڭ گۇناھ پېتى ئۇ زىمىنغا ،

دەۋزەختە يېتىپ قالمىغىن بۇ ھەقىقەت .

رەببىمنى دوست تۇتۇپ دوستلىرىغا دوست بولغىن ،
پەزىلەت ئەخلاقىدىن سەن مىھنەت تاپقىن .
بىر كۈنلەردە رەھمىتى كەلسە رەببىمنىڭ ،
بېھىش-جەننەتكە نائىل بولىسەن بۇ ھەقىقەت.

مۆئمىن بولغىن جېنىم ، ئەي دوستۇم ،
ھەرۋاقىت رەببىمنى ئۇلاپ يىغلايدىغان .
ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلغىن ئەي قېرىندىشىم ،
پەرىزلەردە چىڭ تۇرغىن بۇ ھەقىقەت .

سۈننەتلەرنى ياخشى ئۆگەنگىن پەزىلەتلەرنى ،
ھەر كىشىگە سۆز قىلغىن سىلىق سۆزنى .
بىر كۈنلەردە گۇۋاھ بولىدۇ جامائەتمۇ ،

مەشھەرگاھ كۆنى يىتسپ كەلگەندە بۇ ھەقىقەت .

ۋاقتىدا چىققىن جۈمە ناماز ۋاقتىغا ،

جامائەت بىلەن سەن كۆپ بولغىن ھەر ۋاقتتا .

مەسچىتلەردىن ئۆزۈلمىگەن ھەر قەدەمدە سەن ،

قىيامەتتە جاۋاپ بىرىدۇ بۇ ھەقىقەت .

سەن بولساڭ ھەقىقەتەن بىر مۆئمىن ،

گۇۋاھ بىرىدۇ مەسچىتتىكى جامائەت بۇ ھەقىقەت .

بىر كۈنلەردە قارا يۈزلۈك بولۇپ قالساڭ،

گۇۋاھچى بولىدۇ ساڭا بۇ ھەقىقەت .

تانالمايسەن ئۇ دۇنيادا گۇناھىڭدىن ،

ھەر بىر ماڭغان ئىزلىرىڭ بىرەر جاۋابنى .

كۆرگەن كۆزلۈرۈڭ تۇتقان قوللۇرۇڭ ھەر ئىزنى .

ھەر ئەزايىڭ جاۋاپ بىرەر بۇ ھەقىقەت .

تۆۋە قىلايلى ھەي دوستلار بۇ زاماندا ،

تۇپراقلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلايلى بىز .

دۇنيارىڭغا ھۆرمەت قىلغىن بىر كۈن ئاخىرلىشار ،

بۇ دۇنيارىڭمۇ ئەرىز قىلىدۇ بۇ ھەقىقەت.

# ئادىللىق

ھەي دوستلۇرۇم يۇقارقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقتىڭلار . مەن شۇنداق ئادىللىق بىلەن سۆز قىلىمەنكى ئۆز تۇيرىقىڭلارنى ئەمدى بولسىمۇ ئاسراڭلار ، كۈيۈنۈڭلار ، قەدىرلەڭلار . كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار . ئاجىزلارنى بوزەك قىلماڭلار . رەببىم ئاللاھ شۇنداق ئادىلكى ئۇ ھەر بىر ئىشىڭنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ . گۇناھىڭنى كۆپەيتىپ قويمايدۇ ياكى ساۋابىڭنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ . بىرنى كەم قىلماي تۇللۇق قىلىپ بېرىدۇ . ساڭا ھەرگىز ئارتۇق جازا بەرمەيدۇ . گۇناھىڭغا قارىتا جازا بېرىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن خىيانەت قىلما . زىنا قىلما . گۇناھ قىلما . ھەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرمە . بولمىسا باشقىلارنىڭ نارازىلىقى ۋە كەچۈرمەسلىكى بىلەن بىرگە مەڭگۈ ئازاپقا دۇچار بولىسەن .

يەنە شۇنداق ئادىللىق بىلەن سۆز قىلىمەنكى : ھەي قېرىنداشلىرىم ! ئەگەر سىز 3 كىلومىتىر يەرنى ماشىنىدا ماڭماي پىيادە ماڭغان بولسىڭىز زىمىنىمىزنىڭ بىر كۇۋادىرات مىتىر توپىسىنى قوغداپ قالغان بولىسىز . ئەگەر سىز 5 كىلومىتىر يەرنى موتسىكىلىت بىلەن ماڭماي ۋېلسىپىت بىلەن ماڭغان

بولسىڭىز سىز بىر يىلدا بىر تونىندىن 4 تونىنغىچە بولغان تۇپرىقىڭىزنى ساقلاپ قالغان بولىسىز . ئەگەر سىز بىر يىتىمنى بېقىۋالسىڭىز ياكى بىر بىچارە تاپتىن چىقىپ كەتكەن بىر قىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولسىڭىز ياكى بىشىنى سىلاپ ھاياتلىق يولىغا باشلىغان بولسىڭىز جەمئىيىتىمىزدە بىر ئاننى قۇتقۇزۇپ قالغان قالغان بولىسىز . ئىگە چاقىسىز بىر بالىنى بېقىۋالسىڭىز بىر قېرىنداشىمىزنى ياخشى يولغا باشلاپ ماڭغىنىڭىز بولىدۇ . ئەگەر باققۇنچىسى يوق ئىككى قېرىنى بېقىپ ھالدىن خەۋەر ئالغان بولسىڭىز ئۇلارنى پەرزەنتىسىز قويمىغان بولىسىز . ئاللاھىم ئىككىلا دۇنيادا رەھمەتلىرىنى بېرىدۇ . ئەگەر سىز بىر ئايالىڭىزغا كۆپايە قىلىپ سىرتقا قارىماي شۇ ئايالىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتسىڭىز پۇل تېجىگەن بولىسىز ۋە ئائىلىڭىزگە بەرگەن رەھمىتىڭىز بولىدۇ . ئائىلىڭىز شاد- خورام ، بەختلىك ئۆتىدۇ . سىز بىر كۈن تاماكىنى ئاز چەكسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە پايدىلىق ھەم ياخشىدۇر . ئويلاپ بېقىڭ ، دۇنيادا 7 ملىيارت ئادەمدىن 3 ملىيارت ئادەم تاماكا چەكسە تەڭ بىرلا ۋاقىتتا چىكىپ ھەر بىرى 10 تالدىن چەكسە ئاسماننى ئىس — تۈتۈن قاپلايدۇ . شۇڭا ئاز چەكسە چىرايىڭىز سۈزۈك بولىدۇ . تاماكا چەكمىگەن ئادەمنىڭ چىرايى سۈزۈك ، سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ . يەنى سىز تاماق ئەتكەندە دائىملا

كۆمۈر قالىماي ئانچە-مۇنچە ئوتۇن قالاپ بەرسىڭىز بۇمۇ ھەم تۈپرىقىمىزنى ساخلاپ قالغانلىق بولىدۇ . چۇكى ياغاچ ئۈزى ئۆسۈپ قايتا پەيدا بولىدۇ . بىراق كۆمۈر پەيدا بولىشى ئۈچۈن مىليۇن يىل ۋاقىت كىتىدۇ .

جانلىقلارنى بىھۇدە قىرماڭ ، بىھۇدە ئۆلتۈرمەڭ ، قۇربان ھېيتلاردا قوي سۇيۇپ بىرىڭ ، ئاشقىنىنى يىتىم-يىسىرلارغا بىرىڭ . ئاللاھ رازى بولسۇن . شۇ يىتىملەر ، مىسكىنلەر رازى بولسۇن . ئۆزىڭىزمۇ ھەم رازى بولۇڭ . ھەممە كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئادىللىق بىلەن ھەق سۆز قىلىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلىدە ۋەز — نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ ئۇلارغا ئەخلاق ، تەربىيە ، ئىلىم — بىلىمنى ياخشى ئۆگىتىشنى ئۈمۈد قىلىمىز . ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ تىلەيمىز . ھەممىنى ياراتقان ئاللاھىم ھەممىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي . گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي . قىيامەتتىن كيىن ھەممەيلەننىڭ بىر يەرگە جەم بۇلۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشقا نىسىپ قىلغاي ۋە ھەممەيلەننىڭ جەننەتتە تەڭ خوشال كۇلۇپ رەببىمىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نىسىپ قىلغاي . ئامىن ! ئاللاھقا ئامانەت قىرىنداشلىرىم .

ئىنسانمىز ، ئاجىزمىز ئەي قېرىنداشلار ،

ھەممىگە بولالمايمىز بىز قادىر .

ھەرقاچان تۈتقان يوللۇرۇڭ بولسا ئادىل ،

قېرىنداشلىرىڭنى قىلسەن ئۆزۈڭگە مايىل .

ھەممىدىن گۈزەل ، چىرايلىق رەڭدار ئىدى بۇ دۇنيا ،

سىكۈنت ئىچىدىلا خالىسا غايىپ بولىدۇ بۇ دۇنيا .

دەۋزەخكە چۈشتۈڭمۇ جەننەتكىمۇ بىلگۈچى بىر خۇدا ،

ئەمدى سەپىرىڭ باشلىنىپ قالدى رىزقىڭ چۈشكەن ئۇ دۇنيا .

ساڭا باقىۋەندە بولماس بۇ دۇنيا ،

ساڭا رەھمىتى چۈشكەن ئىھ دۇنيا .

دۇئا قىلغىن ھەر ۋاقىت رەببىمگە ،

تىل ، ئازاپقا بولمىغىن سەن مۇپتىلا .

ناھەقچىلىككە تۇلۇپ كەتتى بۇ دۇنيا ،
زۇلۇم ۋە ئازاپقا تۇلۇپ كەتتى بۇ دۇنيا .
يالغۇزچىلىق ، ھەشەمەتكە تولغان بۇ دۇنيا ،
بىر كۈن سەپىرىڭ باشلىنىدۇ ئۇ دۇنيا .

يامانلىق قىلىپ خەققە زۇلۇم قىلدىڭ سەن ،
شۇنچە ئاشىقمۇ سەن دەۋزەخكە .
جەننەتلەرگە كىرگىڭ يوقمۇ ئويلىدىڭمۇ سەن ؟
بەك بايلىققا بىرىلىپ كەتتىڭ بۇ دۇنيا .

رەببىم بەردى ساڭا رىزىق كەينى — كەيندىن ئۇدا ،
يەنە رىزىق بىرەرمىكىن دەپ ئويلاپ قالما .
كۈندە رىزىق بىرىۋەرسە ئىنسان قالار ھۇرۇنلىشىپ ،
قىيامەت كۈنى ۋەيران بولىدۇ بۇ دۇنيا .

تۆۋە قىلدىم ، تۆۋە قىلدىم دەيسەن سەن ،
گەپ قىلسا رەزىل ئىكەن دەيسەن بۇ دۇنيا .
رەزىل بولۇپ بۇ دۇنيا ساڭا نىمە قىلغاندۇر ،
ئۆزەڭ لايىق كۆردۇڭمۇ دەۋزەخنى تاللاپ ئۇ دۇنيا .

ئەي دوستۇم ئاخىرەتلىكىڭ خەيرىلىك بولسۇن ،
ئاللاھىمغا ھەر ئىشلىرىڭ ئامانەت بولسۇن .
گۇناھلىرىڭ نېرى بۇلۇپ ساۋاپلىرىڭ كۆپ بولسۇن ،
ھەر ۋاقىت جەننەتتىن رەببىمنىڭ دوستى بولسۇن .

رەببىمنىڭ دوستىغا دوست بۇلۇپ گۈل بولغىن ،
ھەر ۋاقىت يېنىدا ئاشىق بولغىن .
رەببىمگە سېغىنىپ يىغلاپ تۆۋبە قىلغىن ،
پۇشايمان بىلەن رەببىمگە ئاشىق بولغىن .

ئۇ دۇنيالىرىڭ جەننەتتە بولسۇن ،

ئاستىڭدا سۈپسۈزۈك ئۆستەڭلەر ئاقسۇن .

ھەرۋاقىت رەببىمنىڭ دوستلىرى يېنىڭدا بولسۇن ،

خىزمىتىڭدە پەرىشتە — مالائىكىلەر بولسۇن .

ئاللاھىمغا سەن ياقىمن ، ئاللاھنىڭ دوستى بولغىن ،

ئاللاھىمغا دۇئا قىلغىن ، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيگىن .

ئەي دوستۇم بۇ دۇنيانىڭ بايلىقىنى سەن قويغىن ،

ئەي دوستۇم قولنى تۇتقىن مۇھەممەد نىڭ قولىغا گۈل بولغىن .

ئەي ئىنسانلار ئاخىرلاشمايدىغان ئىش يوق .ئاخىرلاشمايدىغان ھايات يوق . تۆمۈر بولسۇن ياكى بىليارت بولسۇن ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ھامىنى چىرىيدۇ . بۇندىن كىيىن تۈپرىقىمىزنى ، دۇنيارىمىزنى قوغدايلى ، ھۆرمەتلەيلى . ئىنسانى پەزىلىتىمىز بىلەن ياشايلى . دۇنيانى ۋە تۈپرىقىمىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ بىر جۈملىسىدۇر .